


# تەڭداشسىز ئۆرنەك شەخس

# مۇھەممەد مۇستاپا ﷺ

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

ئىستانبۇل ـ 2022

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى: Emsalsiz Örnek Şahsiyet

يازغۇچى: ئوسمان نۇرى توپباش

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: رازىيە ياسىن

تەھرىرى: مەجىد غاپپۇر

ISBN: 978-625-440-335-4

بەتچىك: راسىم شاكىروغلۇ

ئىستانبۇل ـ 1443/2022

Language :Uighur

ئەركام نەشرىياتى

ئالاقىلىشىش ئادرېسى



Address : Ikitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi
Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C
Başakşehir - İstanbul / TURKEY

Phone : +90 212 671 07 00 (Pbx)

Fax : +90 212 671 07 48

E-mail : info@islamicpublishing.org

Web site : www.islamicpublishing.org

# تەڭداشسىز ئۆرنەك شەخس

# مۇھەممەد مۇستاپا ﷺ

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق تەقدىم قىلىدۇ:

«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.» (ئەنبىيا سۈرىسى 107 ـ ئايەت)

«ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت ـ ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق.» (ئەھزاب سۈرىسى 45 ـ 46 ـ ئايەت)

«سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» (ئەھزاب سۈرىسى 21 ـ ئايەت)

«مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈكسۈمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن. (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.» (قەلەم سۈرىسى 3 ـ 4 ـ ئايەت)

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار.» (مۇھەممەد سۈرىسى 33 ـ ئايەت)

«كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!» (نىسا سۈرىسى 69 ـ ئايەت)

«ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)» (ئەھزاب سۈرىسى 56 ـ ئايەت)

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز .................................. 9

**بىرىنچى بۆلۈم / 15**

**تەڭداشسىز ئۆرنەك شەخس مۇھەممەد مۇستاپا**
**سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم........................ 17**

**ئۇسۋەئى ھەسەنە/ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك .................28**

**ئىككىنچى بۆلۈم / 41**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى .............43**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىماسى ۋە گۈزەل ئەخلاقى ..44

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى ....................49

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېخىلىقى ......................52

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقۋالىقى .....................54

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاھىدلىقى (تەركى دۇنيالىقى) .56

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسى ....................59

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى ۋە ھاياسى...63

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شىجائىتى .....................65

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىملىقى ...................66

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ...............69

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەپۇچانلىقى ...................71

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشنا ھەققىگە رىئايە قىلىشى . 74
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمبەغەللەرگە بولغان مۇئامىلىسى............ 76
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىر ۋە خىزمەتچىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى.............. 78
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارغا بولغان مۇئامىلىسى .. 83
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىملەرگە بولغان مۇئامىلىسى. 88
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋانلارغا بولغان مۇئامىلىسى . 90
**يۇلتۇزلاردىكى ئۆلچەملەر ........... 97**

## ئۈچىنچى بۆلۈم / 99

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتە قەلبىتىكى ئىزچىللىق.101**
**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەت بىلەن ئەگىشىش .104**
**رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاق ۋە سۆيگۈسىنىڭ نامايەندىسى: ئەسرى ـ سائادەت...........109**
**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان يارقىن مەدھىيە.........116**
ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈسى.120
ساھابىلەردىن كېيىنكى مۇھەببەت ئېقىمى ...............132
**دۇرۇت ۋە سالام ...............144**

## تۆتىنچى بۆلۈم / 149

**ئەڭ بۈيۈك ئېھتىياج: ئۈلگىلىك شەخس ..............151**
ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئىلىم: ئىلاھىي تەربىيە .........151
ئۆرنەك ئېلىش ۋە تەقلىد قىلىش خارەكتېرى .............161

ئۆلگىلىك شەخسلەر: پەيغەمبەرلەر ........................162
**ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىمىز؟.........................166**
قەلبىنى ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىش...........................166
يېگانە ئۆرنەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ....................167
مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى .............................167
كۆر كىشىلەر قۇياشنى سۆمۈرىدۇ .........................168
ئاشىق مەشۇقىغا ئەگىشىدۇ ...............................171
ئۇنىڭغا ئەگىشىش قەلبىي تەربىيە تەلەپ قىلىدۇ ..........172
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە بىز.......174
سۆيگۈ ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىمتىھانى ...................176
ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىكى ئۆلچەم .......................178
ئۇنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالامىتى ........................179
ئۇنى لايىقىدا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ..............180
**خاتىمە .............................................181**
**ئۇنىڭغا ئۈممەت بولۇش ئەڭ بۈيۈك شەرەپ ...............184**

# كىرىش سۆز

ھەبىبۇللاھ (ئاللاھنىڭ دوستى) سۈپىتى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزەلى بولغان مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى بولۇش شەرىپىنى بىزگە نېسىپ قىلغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھتائالاغا سان ـ ساناقسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

تەڭداشسىز ئۆرنەك كىشىلىكى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەق ۋە ھىدايەت يولىدا مەڭگۈ ئۆچمەس نۇرلۇق چىراق بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىمۇ چەكسىز دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

جانابى ئاللاھ ئۇنى، ئىنسانىيەت دۇنياسى زۇلۇم ۋە جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقان بىر پەيتتە پۈتكۈل ئالەملەرگە رەھمەت پەيغەمبىرى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئىنسانىيەتكە ئېھسان قىلدى. ئۇنى ۋەھشىيلىك، ئاسىيلىق ۋە غەپلەتتە ھايۋانلارنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەتلىك دۇنياسىغا خۇددى ئۇپۇقتا پەيدا بولغان بىر چولپان يۇلتۇزى كەبى ئىنئام قىلدى. ئۇلۇغ رەببىمىز ئۇنى تاش ـ توپراق، ئاسمان ـ زېمىن، دەريا ـ دېڭىز، زامان ۋە ماكاندىن ئىبارەت جانلىق ـ جانسىز بارچە مەخلۇقاتقا، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا پۈتكۈل كائىناتقا رەھمەت، شەپقەت، بەرىكەت، ھىدايەت ۋە كۆپۈرلۇقتىن قۇتۇلۇش ۋاستىسى قىلىپ ئەۋەتتى.

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، پۈتۈن مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئاللاھ ھۇزۇرىدا ئىنساننىڭ قىممىتى ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى نىسبىتىدە بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، مېھىر-شەپقىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى، ھەتتا پۈتكۈل مەخلۇقاتنى ئۆز قوينىغا ئالغان.

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، ئاللاھتائالا تەرىپىدىن پۈتۈن قەلبلەردە ئەبەدىي ھايات مەنبەسى ۋە ئالىي سۆيگۈ-ساداقەت بىلەن ئەبەدىي مولچىلىق ۋە بەرىكەت سەۋەبى بولۇپ ئورۇن ئالغان.

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، ئۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئەبەدى ھىدايەتنىڭ باشلامچىسى بولغان مۇقەددەس قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان.

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ مېراجدىن ئىبارەت كاتتا نېمەتنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان سۆيۈملۈك ئەلچىسىدۇر.

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، يارىتىلىشنىڭ باشلانغۇچى ئۇنىڭ نۇرى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، قەيەردە بىر گۈزەللىك بولسا، ئۇنىڭ نامايەندىسى، ئۇشبۇ گۈزەللىك ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن يارىتىلغان. دۇنيادا ئۇنىڭ نۇرى بولماستىن قانداقمۇ بىر چېچەك ئېچىلسۇن! ئۇ ھېچ سولمايدىغان، ئەكسىچە كۈنسېرى يېڭىلىقى ۋە گۈزەللىكى تېخىمۇ نامايەن بولۇپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھىي غۇنچىدۇر.

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۇنىڭغا دۇرۇت-سالام يوللىغان ھالەتتە بىۋاستە تىلغا ئالغان.

مانا بۇ رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ سايىسى ئاستىدا پۈتۈن دۇنيا ھەقىقىي ھۇزۇرىنىڭ تەمىنى تېتىدى. جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ، ئىنتائەتسىزلىك ۋە ئاسىيلىق تۇمانلىرى ئارىسىدا بوغۇلۇپ جان تالىشىۋاتقان ئىنسانىيەت، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئىلىم-ئىرپان ۋە ھەقىقەت يولى ئارقىلىق كەڭرى ئاسماندا قانات قېقىپ، ھەق ۋە

ھەقىقەتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبلەر، ئۇنىڭ مېھرىلىك قوللىرىدا خېمىر كەبى يۇمشاپ يېڭىچە بىر ھالەتكە كەلدى. گۇناھ ۋە پاسىقلىقتا كىرلىشىپ كەتكەن قەلبلەر، ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك بولىقىدا پاكلاندى، ئۇ قەلبلەر نۇر بىلەن تولغان بىر ھەق سەۋداسىغا ئايلاندى.

مەسىلەن، ھەبەشىستانلىق ۋەھشى ھىدايەت تېپىشتىن ئىلگىرى قان شورايدىغان ئالۋاستى كەبى قورقۇنچلۇق بىر ئادەم ئىدى. لېكىن ئىسلامغا كىرىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسىنى ئالغاندىن كېيىن كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغان مېھرىبان بىر ساھابىگە ئايلاندى. ئۇنىڭغا ئوخشىغان يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ھىدايەت تېپىشتىن ئىلگىرى كۆپلىگەن ناچار ئادەتلەرگە كۆنۈپ كېتىپ، روھى ئۆلۈك ھالەتتە ئىدى. كېيىن ئۇلارمۇ ھىدايەت شەربىتىنى ئىچىپ مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشتى ۋە "ھەزرىتى" ئۇنۋانى بىلەن ئەسلىنىدىغان كاتتا نېمەتكە نائىل بولدى.

بۇلاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتائالانىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىلاھىي سەنئەت مۆجىزىسىدۇر. زاھىرى ۋە باتىنى جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقەت باشلامچىسى بولغان سالىھ كىشىلەر، ئەۋلىيالار، دانىشمەنلەر، مۇتتەقى زاتلار رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر نامايەندىسىدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ قۇياشتىن چاقنىغان بىر نۇر، ئاللاھتائالانىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ۋە ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن ھەدىيەسىدۇر.

نەتىجىدە ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان مۇھەببەت ۋە ساداقەت ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ» (ئال ئىمران سۈرىسى 31 ـ ئايەت)

مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ اَطَاعَ اللَّهَ وَمَنْ تَوَلّٰى

فَمَآ اَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا

«كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق» (نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت)

يۇقىرىقى ئايەتلەردە دېيىلگىنىدەك، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ھەر بىر مۇسۇلمان دىققەتسىز ۋە پەرۋاسىز قالمايدىغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ھەقىقەتكە بولغان مۇھەببەتنىڭ بىردىنبىر شەكلى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭغا باغلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشتۇر. ئەكسى ھالدا ئىمان ھەقىقىي ئىمان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك ھېچبىر بەندە ئۆزىنى ئاللاھقا باشقا يول ئارقىلىق سۆيدۈرەلمەيدۇ. ئۆزىنى ئاللاھقا سۆيدۈرەلمىگەن ھەر بىر بەندىنىڭ قىلغان ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ سەۋەپتىن ھاياتىمىز ۋە قەلبىمىزدە ھەر ۋاقىت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياد ئېتىشىمىز، ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئۆرنەك كىشىلىكىنى ھاياتىمىزنىڭ ئاساسى قىلىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئېھتىياجىمىز ئۇنى يېقىندىن تونۇش ۋە يېقىندىن ئەگىشىشتۇر. ھەتتا ئۇنىڭ ئالغان نەپەسنى ئېلىپ، قەلبلىرىمىز ئۇنىڭ قەلبى بىلەن بىرلەشكەنگە قەدەر، خۇددى ساھابى كىرامغا ئوخشاش قەلبى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشقى بىلەن كۆيۈپ كۈل بولغان ئاشىقلار كەبى...

ئۇنىڭغا بۇ خىل ھالەتتە لايىق بولۇش بىزگە ئوخشاش ئاجىز قۇللار ئۈچۈن مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇ يولدا مېڭىش بىز ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك بەختتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل كىشىلىكىدىن كىچىككىنە نېسۋە ئېلىش بىزنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىمىزنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كىشىلىكىنى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇش ئۈمىدى بىلەن قولىڭىزدىكى بۇ ئاددىيغىنە كىتابنى، نوقسانلىق ۋە ئاجىزلىق ئىچىدە تەييارلاشقا تىرىشتۇق. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىمىزدىكى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل كىشىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ بىر خۇلاسە تەييارلىدۇق.

بەلكى سۆزلىرىمىز ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس، لېكىن ھەممىمىز ئۇنى چۈشىنىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭدەك ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنى ئاللاھنىڭ بىز ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن كاتتا ھەدىيەسىگە تەشەككۈر ئېيتىشقا مەجبۇرمىز. جاھالەت قاپلىغان دەۋرىمىزدە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئالەملەرگە ئېلىپ كەلگەن چاقىرىقىنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە داۋاملاشتۇرۇش ۋە كېيىنكىلەرگە يەتكۈزدىغان بىر كۆۋرۈك بولۇش مۇھىم ۋەزىپىمىزدۇر. بۇ بۈيۈك زاتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئەڭ گۈزەل ھالەتتە تونۇتۇش بىزنىڭ ۋاپا بورچىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى شۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئەڭ مۇكەممەل

شەكىلدە ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە نامايەن قىلىشتۇر. مانا بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك شەرەپتۇر.

ئاللاھتائالا ھەممىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭداشسىز ئۆرنەك كىشىلىكىدىن ئازغىنە بولسىمۇ نېسىۋىمىزنى ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن! قەلبىمىزنى ئۇنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولدۇرسۇن! ئۇنىڭغا باغلىنىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت تەقۋالىق ئىمتىھانىمىزدا بىزنى مۇۋەپپەق قىلسۇن ۋە شۇ ئارقىلىق ئىلاھىي مۇھەببەت ۋە رازىلىققا ئېرىشكىلى نېسىپ قىلسۇن!

ئامىن[1]!

1. بۇ كىتابنىڭ تەييارلىنىشىدا ئەمگىكى سىڭگەن ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ خىزمىتىنىڭ سەدىقە جارىيە سۈپىتىدە رەببىم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى تىلەيمەن.

# بىرىنچى بۆلۈم

❀ تەڭداشسىز ئۆرنەك شەخس

❀ ئۇسۋەئى ھەسەنە/ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك

# تەڭداشسىز ئۆرنەك شەخس
# مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ۋە باشلىنىشى، مەۋجۇداتنىڭ تۇنجىسى بولغان ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك نۇرى“ نىڭ تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئىكرام قىلىنىشى بىلەن باشلىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمىنىڭ دۇنيا ئالىمگە كېلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئۇلۇغ نۇر ئەڭ پاك، ئەڭ ئېسىل نەسەبلەردىن داۋاملىشىپ، ھەزرىتى ئابدۇللاھقا قەدەر يېتىپ كەلگەن. ئامىنە خانىمنىڭ ھامىلىلىكى بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى ئابدۇللاھنىڭ پېشانىسىدىكى مەۋجۇدىيەت نۇرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قورسىقىدا كۆتۈرىۋاتقان بۇ تەلەيلىك ئانىغا يۆتكەلگەن. بۇ مۇبارەك نۇر ئاخىرىدا ئۇ ئانىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاپشۇرۇلغان.

كائىناتنىڭ گۈزەللىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كائىناتتىكى ھەر تۈرلۈك نەقىش ۋە ئىلاھىي قۇدرەت ئېقىملىرى ئۇنىڭ نۇرىنىڭ بىر پارچىسى ۋە بىر تەبەسسۇمىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان تۇپراققا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياراتقان تۇپراقتىن بىر ئۇچۇم قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىندى. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

”ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن چىقىرىلىشقا سەۋەب بولغان زەللىنى ئىشلىگەن ۋاقىتتا، خاتالىقىنى تونۇپ:

- ئى رەببىم! مۇھەممەدنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمەن. - دېدى. ئاللاھتائالا:

- ئەي ئادەم! مەن تېخى ئۇنى ياراتمىغان تۇرسام، سەن ئۇنى قەيەردىن بىلىسەن؟ - دېدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام:

- ئى رەببىم! سەن مېنى يارىتىپ جان بەرگىنىڭدە بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە سېنىڭ ئەرشىڭنىڭ تۈۋرۈكلىرىدە "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر" دېگەن سۆزلەرنىڭ يېزىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئويلايمەنكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنىڭ يېنىغا پەقەت مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىنى قوشۇسەن! - دېدى. ئاللاھتائالا:

- توغرا دېدىڭ ئەي ئادەم! ھەقىقەتەن ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە مەخلۇقاتلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملىكىدۇر. ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن ماڭا دۇئا قىل، (مادەمكى دۇئا قىلدىڭ،) مەنمۇ سېنى ئەپۇ قىلدىم[2]. - دېدى."

مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالام دۇئاسىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىلاۋە قىلدى ۋە ئاللاھتائالانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئومۇرتقىسىغا يۆتكەلدى. ئوت ھەزرىتى ئىبراھىم ئۈچۈن سوغۇق ۋە سەرىن بولدى. ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرگىنىدە، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەرشتىن قوچقار چۈشۈرۈلدى.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋاستىسى بىلەن ئىلاھىي رەھمەتلەرگە نائىل بولغان. ھەتتاكى

2. ھاكىم، ئەل مۇستەدرەك، ئەلەس ساھىھەين، بېيرۇت، 1990، 2-جىلد، 672/4228

ئۇنىڭغا ئەگىشىش بەرىكىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈممىتى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرمۇ چىققان.

قەتادە ئىبنى نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

- ئى رەببىم! ماڭا بەرگەن تاختىلاردا[3] (كىتابلاردا) ئىنسانلار ئارىسىدىن چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت دەپ تەرىپلەنگەن بىر ئۈممەتتىن سۆز قىلىنغىنىنى كۆرىۋاتىمەن. ئى رەببىم! شۇ ئۈممەتنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن! ئاللاھتائالا:

- ئۇلار ئەھمەتنىڭ ئۈممىتىدۇر. دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

- ئى رەببىم! كىتابلاردا دۇنياغا ئاخىرىدا كېلىپ، جەننەتكە ئاۋۋال كىرىدىغان بىر ئۈممەت ئۈستىدە توختالغىنىنى كۆرىۋاتىمەن. ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن! ئاللاھتائالا:

- ئۇلار ئەھمەتنىڭ ئۈممىتىدۇر. - دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

- ئى رەببىم! كىتابلاردا يەنە شۇنداق بىر ئۈممەت ئۈستىدە سۆز قىلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ كىتابلىرى قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئىكەن، ئۇلار ئۇنى يادلاپ قارىمايلا ئوقۇيدىكەن. ھالبۇكى ئۇلاردىن ئىلگىرى كەلگەن ھەر بىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ كىتابىنى قاراپ ئوقۇيتتى، ئەگەر كىتابىنى يۈتتۈرۈپ قويسا كىتابتىكى ھېچنەرسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. شۈبھىسىزكى، سەن بۇ ئۈممەتكە بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچبىر ئۈممەتكە بەرمىگەن بىر يادلاش ۋە ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتى بەرگەن ئىكەنسەن. ئى رەببىم، ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن! - دېدى. ئاللاھتائالا:

- ئۇلار ئەھمەتنىڭ ئۈممىتى. - دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

---

3. تەۋراتتىن نەقىل

- ئى رەببىم! كىتابلاردا ئىلگىرىكى كىتابلارغا ۋە كېيىن كەلمەكچى بولغان ئاخىرقى كىتابقا ئىشەنگەن شۇنداقلا ھەر تۈرلۈك ئازغۇنلۇق ۋە يەكچەشمە كۆزلۈك دەججال بىلەن كۈرەش قىلىدىغان بىر ئۈممەت زىكىر قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن! ئاللاھتائالا:

- ئۇ ئەھمەتنىڭ ئۈممىتىدۇر. - دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

- ئى رەببىم! كىتابلاردا شۇنداق بىر ئۈممەت زىكىر قىلىنىۋاتىدۇكى، ئۇلارنىڭ بىرى ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلسا ئۇ ئىشنى قىلمىسىمۇ ئۇنىڭغا بىر ھەسسە ئەجىر يېزىلىدىكەن، ئەگەر ئۇ نىيەت قىلغان ئىشنى قىلسا 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ئەجىر يېزىلىدىكەن. ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن!“ دېدى. ئاللاھتائالا:

- ئۇلار ئەھمەتنىڭ ئۈممىتىدۇر. دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىدىكى تاختىنى (تەۋراتنى) بىر يانغا قويۇپ:

- ئى رەببىم! مېنىمۇ ئەھمەتنىڭ ئۈممىتى قىلغىن! - دەپ ئاللاھقا يالۋۇردى.4

خۇلاسىلىغاندا، بەرىكەتلىك بىر ھىدايەت ئۈچۈنى ھالىتىدىكى پەيغەمبەرلەر شەجەرىسىنىڭ ھەر بىرى، ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېلىدىغانلىقىنىڭ بىر خەۋەرچىسى ئىدى.

ئاخىرىدا بىز كۈتىۋاتقان نۇر، مىلادى 571 - يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12 - كۈنى دۈشەنبە تاڭ سەھەردە قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ئابدۇللاھ ۋە ئامىنەنىڭ ئىللىق ئۆيىدە پۈتۈن دۇنيانى شەرەپلەندۈردى.

4. تەبەرى، جامىئۇل بايان تەۋىلى ئايىل قۇرئان، بېيرۇت، 1995، IX، 87 - 88؛ ئىبنى كەسىر، تەپسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم، بېيرۇت، 1988، 2 - جىلد، 259

ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېغىشقا باشلىدى، سەھەر ـ ئاخشاملارنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى، ھېسسىياتلار چوڭقۇرلاشتى. سۆھبەت ـ پاراڭلارنىڭ تەمى شېرىنلەشتى، پۈتۈن مەخلۇقات ئۆزگىچە خاس مەنا ۋە سالاپەتكە ئېرىشتى. بۇتلار ۋە كىسرالار (ئىران شاھلىرى) تۇرىدىغان مەدائىن شەھىرىدىكى ھەشەمەتلىك سارايلارنىڭ ھەيۋەتلىك تۈۋرۈك، مۇنارلىرى يىقىلدى. ساۋە كۆلى زۇلۇم پاتقاقلىقى شەكلىدە قۇرۇپ كەتتى. كۆڭۈللەر بەرىكەت ۋە مولچىلىق بىلەن تولدى. بۇ بەرىكەت پۈتكۈل كائىناتنى يەنى پۈتكۈل زامان ۋە ماكاننى قاپلىدى.

ئەگەر مانا شۇنداق پۈتۈن پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە تۈپلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئىنسانىيەت تاكى قىيامەتكىچە قەدەر زۇلۇم ۋە ۋەھشىيلىك ئىچىدە قېلىپ، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە ئەسىر بولغان بولاتتى. تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلاتتى، دۇنيا زالىم ۋە كۈچلۈكلەرگە تەئەللۇق بولاتتى. شائىر بۇ ھالەتنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئى رەسۇلۇللاھ ئەگەر سەن دۇنياغا كەلمىگەن بولساڭ،
گۈللەر ئېچىلماس، بۇلبۇل سايرىماس نامسىز ئادەمگە،
بارلىقنىڭ مەناسى بولماي غەرق بولاتتى ماتەمگە!

ھەزرىتى مەۋلانا، بىر ئۆمۈر ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، بۇتلارنى چېقىپ زۇلۇمنى يوق قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىشىمىز كېرەكلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

”بۈگۈن مۇسۇلمان بولغان ئەي ئىنسان! ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيرىتى ۋە بۇتلارنى چېقىپ تاشلاشتىكى ھىممىتى بولمىغان بولسا ئىدى، سەنمۇ ھازىر ئاتا ـ بوۋىلىرىڭدەك بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان بولاتتىڭ.“

مەدەنىيەتتىن يىراق ۋە جاھىل بىر جەمئىيەتنىڭ ئىچىدىن چىققان ئۇممىي (ساۋاتسىز) ئىنسان، ئوتتۇرىغا قويغان ئىلىم ۋە ھېكمەتنى بىلەن شۇ دەۋرنىڭ ئىنسانلىرىنى ھەيران قالدۇرغىنىغا ئوخشاش، بۈگۈن ھەم تېگىگە يەتكىلى بولمىغان ھەتتا قىيامەتكىچىلىك يېتەلمەيدىغان مۆجىزىلەر بىلەن بىرلىكتە كەلدى. بۇ مۆجىزە شۇنىڭ بىلەن سابىتتۇركى، قۇرئان كەرىم ئۆتمۈشتىكى ھادىسىلەردىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرگە قەدەر ئىنتايىن كۆپ ئىلمىي ۋە پەننىي مەسىلىلەرگە ئىشارەت قىلغان بولۇپ، 1400 يىلدىن بۇيان ھېچبىر كەشپىيات ئۇنى ئۆزگەرتەلمىدى ۋە يالغانغا چىقىرالمىدى. ھالبۇكى، تەرەققىيات ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان كۈنىمىزدە ئەڭ مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىيىلەر ھەر يىلى دېگۈدەك قوشۇمچە جىلدلەر چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

ئۇ يېتىم ۋە ئۇممىي (ساۋاتسىز) پەيغەمبەر، ئىنسانلاردىن دەرس ئالمىدى. لېكىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قۇتقازغۇچى، غەيب ئالەمنىڭ تەرجىمانى ۋە ھەقىقەت مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ كەلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر قانچە ئەھكام بىلەنلا ئەۋەتىلگەن ئىدى. داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق ۋە تەقۋادارلىق ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. ئىسلامنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ۋەز-نەسىھەت قىلدى، نەپسىنى پاكىزلاپ پاك بىر قەلب بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتى. ئەڭ گۈزەل ئەخلاقنى تەلىم بەردى ۋە ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئىنسانلارغا ئۈلگە بولدى. دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى نازۇ-نېمەتلىرىگە ئالدانماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى. خۇلاسىلىساق، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ سالاھىيەت

ۋە ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈردى. نەسەب، ئەدەپ-ئەخلاق، گۈزەللىك ۋە كامالەت سائادىتىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا جەملەنگەن ئىدى.

40 يىل جاھىلىيەت ئەۋج ئالغان بىر جەمئىيەتتە ياشىدى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويغان سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ بۇرۇن بىر دۆلەت ئەربابى، بىر ئىمام ياكى بىر ۋەز-نەسىھەتچى بولۇپ تونۇلمىغان. ئۇ بۈيۈك بىر قوماندان بولۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئاددىي بىر ئەسكەر دەپمۇ قارالمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ قىرىقىنچى يېشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئۆتمۈشتە، ئىلگىرىكى قەۋملەر، پەيغەمبەرلەر تارىخى، قىيامەت، جەننەت ۋە جەھەننەم قاتارلىقلاردىن سۆز قىلغىنى ئاڭلىنىپ باقمىغان. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرىيدىغان گۈزەل ئەخلاقلىق بىرى ئىدى. لېكىن ئۇ ھىرا غارىدىن ئىلاھىي ۋەزىپە بىلەن قايتىپ چىقىۋاتقىنىدا بىر پۈتۈن ئۆزگەرگەنىدى.

ئۇ دەۋەت قىلىشنى باشلىغاندا پۈتكۈل ئەرەبىستان ھەيرانلىق ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتلىك سۆزلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شېئىر، بالاغەت، پاساھەت مۇسابىقىلىرى توختاپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق بىر شائىر مۇسابىقىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شېئىرىنى كەبىنىڭ تېمىغا ئاسالمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بىر ئەنئەنە تارىختا ئايلاندى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، مەشھۇر شائىر ئىمرۇل قەيسىنىڭ شېئىرىنى ياخشى بىلىدىغان سىڭلىسى:

وَقِيلَ يَآ اَرْضُ ابْلَعِي مَآءَكِ وَيَا سَمَآءُ اَقْلِعِي

وَغِيضَ الْمَآءُ وَقُضِيَ الْأَمْرُ وَاسْتَوَتْ عَلَى الْجُودِيِّ وَقِيلَ بُعْدًا لِلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ

«ئى زېمىن سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن دېيىلدى، سۇ سوغۇدى، ئاللاھنىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى،» زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن دېيىلدى»[5]. دېگەن ئايەتنى ئاڭلىغىنىدا، ئەمدى ھېچكىمنىڭ دەيدىغان سۆزى قالمىدى. قېرىندىشىمنىڭ شېئىرىمۇ ئېيتىخار مەيدانىدا تۇرالمايدۇ دەپ، ئىمرۇل قەيسىنىڭ كەبىنىڭ تېمىدا ئەڭ باشتا تۇرغان شېئىرىنى ئېلىپ تاشلىدى. سەۋىيە جەھەتتىن بۇ شېئىردىن تۆۋەن تۇرىدىغان باشقا شېئىرلارغا بۇ يەردە ئورۇن قالمىغىنىنى ھېس قىلغان كىشىلەر ئۇ شېئىرلارنىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئېلىۋاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن تونۇتتى. بۈيۈك تەتقىقاتچىلار ئۆمۈر بويى تەتقىق قىلىپ، ئىنسان ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر ئۈتتۈرىسىدىكى كۆپ قېتىملىق تەجرىبىدىن كېيىن ھەقىقى ھېكمىتىنى ئىدراك قىلالايدىغان جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ئىدارە، مىللەتلەر ئارا قىلىنىدىغان مۇئامىلە قاتارلىق ھەر ساھەدىكى مۇكەممەل قائىدىلەرنى ئۈتتۈرىغا قويدى. ئېنىقكى، ئىنسانىيەت نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەر بىلەن تەرەققىي قىلغانسىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە باشلايدۇ.

---

5. ھۇد سۈرىسى، 44 ـ ئايەت

ئىلگىرى قولىغا قىلىچ ئېلىپ ھەربىي تەلىم ئالمىغان، پەقەت ياردەمچى بولۇپ بىر قېتىملا ئۇرۇشقا قاتناشقان بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان چوڭقۇر مەرھەمەت ئىگىسى بولىشىغا قارىماي، تەۋھىد ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە ئىجتىمائىي سۈلھى ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىنمۇ قورقۇپ قالمايدىغان جەسۇر ئەسكەر ۋە پاراسەتلىك قوماندان بولدى.

ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزدى. لېكىن ئىماندىن نېسىۋىسى بولمىغانلار پەرۋاسىزلارچە ئىشىكلىرىنى تاقاپ، مەڭگۈ زۇلمەت ئىچىدە قېلىشنى تاللىدى. ھەتتاكى بەزىدە قەلبىگە يىلتىز تارتىپ كەتكەن جاھىللىق تۈپەيلى بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە قوپاللىق قىلدى. لېكىن بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئۆزىگە قىلىنغان قوپاللىقلارغا قايغۇرماستىن، ئۇلارنىڭ غەپلەت ۋە جاھىللىقتا قېلىشىغا قايغۇردى. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىنسانلارغا: «بۇ تەبلىغىمگە قوشۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن...!» (ساد سۈرىسى 86-ئايەت) دەپ، غايىسىنىڭ پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇردى.

توققۇز يىل ئىچىدە، كۆپىنچە ۋاقىتتا دۈشمەنىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدىغان ھەربىي كۈچ بىلەن پۈتۈن ئەرەبىستاننى پەتىھ قىلدى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئۇرۇشلاردا ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن ئىنسانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئۇ دەۋرنىڭ تەرتىپسىز، ئىنتىزامسىز ئىنسانلىرىغا ئاتا قىلغان روھىي كۈچ ۋە ھەربىي تەلىم-تەربىيەسى ئارقىلىق نۇرغۇن مۆجىزىۋىي زەپەرلەر قازاندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئىز باسارلىرى، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىككى ئېمپېراتورلىقى بولغان رىم ۋە پارىس ئىمپېراتورلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پۈتۈن سەلبىي شەرتلىرىگە قارىماستىن ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىنقىلابىغا بارلىقىنى ئاتىغان ئاللاھ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زالىملارنى مەغلۇپ قىلىپ، مەزلۇملارنىڭ كۆز ياشلىرىنى توختاتتى. يېتىملەرنىڭ چاچلىرىغا ئۇنىڭ مۇبارەك قوللىرى تارغاق بولدى. ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەلبلەر غەم-ئەندىشىلەردىن خالىي بولۇپ، دەردىگە دەرمان تاپتى. شائىر مەھمەت ئاكىف بۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

چوڭ بولدى، دەپ، بىردەمدىلا قىرىققا تولغان ئىدى يېتىم،
دەسلەپتە كېزىپ يۈرگەن قانلىق ئاياغلار سۇغا يەتتى!

بىر نەپەستە ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزدى ئۇ مەسۇم،
بىر قېتىمدىلا قەيسەرلەر، كىسرالارنى يىقىتتى!

ئاجىزلارنىڭ تارتىۋېلىنغان پۈتۈن ھەققى ئېلىندى،
زۇلۇمنىڭ ئەقلىگە زاۋال كەلمەستىن يىقىلدى!

ئالەملەرگە رەھمەت ئىدى، شۇنداق، يامانىنى يوقاتقۇچى،
قانىتىنى ئادالەت ئىستىگەنىنىڭ يۈرتىغا يايدى!

دۇنيا نېمىگە ساھىب بولسا ئۇنىڭ تۆھپىسىدۇر ھەممىسى،
ئۇنىڭغا قەرزدار جەمئىيەت، قەرزدار ھەر ئادەم بالىسى!

قەرزداردۇر ئۇ مەسۇمغا پۈتۈن ئىنسانىيەت،
يا رەب، بىزنى مەھشەردە شۇ ئىقرارىمىز بىلەن ھەشرەت! (ھەشىر قىل)

پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى خۇددى كەڭرى بىر دەريا، باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى بولسا ئۇ دەرياغا تۆكۈلىدىغان ئېقىن مىسالىدۇر. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن، بىر رىۋايەتكە كۆرە

124 مىڭ ئەتراپىدىكى پەيغەمبەرنىڭ بىلىنگەن ـ بىلىنمىگەن پۈتۈن سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە جەملەپ، ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە خىسلەتلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىغان دەۋرىگىچە ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر يولىدىكى تەرەققىياتلىرى بىلەن بىرلىكتە، قىيامەتكە قەدەر ئىنسان موھتاج بولىدىغان ئېھتىياجلارنى قامدىيالايدىغان نەمۇنىلىك بىر شەخستۇر. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى قىلىپ ئەۋەتىلگەن.

بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنى مۇنداق تەرىپلىگەن: "مەن گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم."[6]

ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر، ئارقىسىدا ئازراق بولسىمۇ قىممەتكە ئىگە بىر دۇنيا مىلى قالدۇرۇپ كەتمەستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە گۈزەل ئەخلاق ۋە كىشىلىكنى ئەڭ قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتتى.

6. مۇئەتتا، ھۇسنۇل خۇلق، 8

## ئۇسۋەئى ھەسەنە/ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك

تارىختا پۈتۈن ھاياتى ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە قەدەر كۆزىتىلىپ، تەتقىق قىلىنغان بىرلا پەيغەمبەر، بىرلا ئىنسان مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئىنسانىيەتنى ھەقىقەت ۋە خەيرلىك ئىشلارغا قانداق دەۋەت قىلغانلىقى ھەققىدە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدىن پەقەت چەكلىك مىقداردا مەلۇمات كۈنىمىزگە يېتىپ كەلدى. ھالبۇكى، ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاددىي ئىش-ھەرىكىتىدىن باشلاپ، مۇكەممەل ئىش ھەرىكەتلىرىگىچە ھەتتا ئىشلەتكەن سۆز-ئىبارىلىرىدىن ھېسسىياتلىرىغا قەدەر دەممۇ-دەم كۆزىتىلىپ، تارىختا بىر شەرەپ لەۋھاسى كەبى يېزىلىپ ساقلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەسىرلەردىن بۇيان كۈنىمىزگە قەدەر كەلدى ۋە قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىنسانغا قەدەر ساقلىنىپ قېلىش شەرىپىگە نائىل بولىدۇ.

ھاياتىنىڭ ھەر تۈرلۈك بالايى-ئاپەت، مۇسىبەت ۋە خۇشاللىقى قارشىسىدا ئۆزىمىزنى پىتنە-پاساتتىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن شۈكۈر، تەۋەككۈل، تەقدىرگە رازى بولۇش، كۈلپەتلەرگە سەبىر، غەيرەت، شىجائەت، پىداكارلىق، قانائەت، كۆڭۈل بايلىقى، غەمگۈزارلىق، مەرتلىك، نازاكەت قاتارلىق خىسلەتلەر بىلەن زىننەتلىنىپ، بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاشقا مەجبۇرمىز. پۈتۈن بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە نەمۇنە بولۇشقا ئاللاھتائالانىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخش ئەتكەن ئەڭ بۈيۈك يېتەكچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لايىقتۇر.

ئاللاھ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۈرنەكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«مۇقەررەركى، سەن ئۈكسمەس ساۋاپقا ئېرىشىسەن. (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكەنسەن.» (سۈرە قەلەم 3 ـ 4 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ۋە مۇبارەك كىشىلىكى، ئىنسانىنىڭ ئىدراك قىلىشى مۇمكىن بولغان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ، ئىرشاد (توغرا يولنى كۆرسىتىش) ۋەزىپىسىنى كىشىلەر ئارىسىدا بىۋاستە ئۆزى ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تاماملىغان ئالىيجاناپ پەيغەمبەر ۋە نەمۇنىلىك شەخستۇر. ئاللاھتائالا، ئۇ مۇبارەك ئىنسانىنى قۇرئان كەرىمدە ”ئۇسۋەئى ھەسەنە“ يەنى ئەڭ گۈزەل بىر ئۈرنەك شەخس قىلىپ سۈپەتلەپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئېھسان قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِى رَسُولِ اللّٰهِ اُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُوا اللّٰهَ وَالْيَوْمَ الْاٰخِرَ وَذَكَرَ اللّٰهَ كَثِيرًا

«سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» (ئەھزاپ سۈرىسى 21 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھاياتىنىڭ ھەر سەھىپىسدە ھەر تەرەپتىن مۇستەسنا بولغان بىر گۈزەللىك ۋە مۇكەممەللىك سۇنىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆز ئەمەلىيىتىدىكى گۈزەللىك بولسۇن ياكى ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى گۈزەللىك بولسۇن ھەممىسى تېپىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىنسان مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرەپلىك ھاياتى ۋە سۈننىتىدىن ئۆزىگە ئۆرنەك بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى ۋە مۇكەممىلىگە ئېرىشەلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنى باشلامچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆرنەكتۇر، دۆلەت رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆرنەكتۇر، ئىلاھىي مۇھەببەت بېغىغا كىرگەنلەر ئۈچۈن ئۆرنەكتۇر، رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە غەرق بولغان زامانلاردا، شۈكۈر ۋە قانائەتى بىلەن ئۆرنەكتۇر.

قىيىنچىلىقتا قالغان زامان، ماكانلاردىكى سەبىر ۋە تەسلىمىيىتى بىلەن ئۆرنەكتۇر، غەنىمەتكە قارىتا مەرتلىكى بىلەن ئۆرنەكتۇر، ئائىلىسىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن ئۆرنەكتۇر، ئاجىزلارغا، يېتىملەرگە، قۇل-چۆرىلەرگە بولغان مەرھەمىتى بىلەن ئۆرنەكتۇر، گۇناھكارلارنى كەچۈرۈۋېتىشى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى بىلەن ئۆرنەكتۇر.

ئەگەر مال-دۇنيا ئىگىسى بىرسى بولساڭ، پۈتۈن ئەرەبىستانغا ھاكىم بولۇپ، پۈتۈن ئەرەپ قەبىلىلىرىنى مۇھەببىتى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ كەمتەرلىكى ۋە مەرتلىكى ھەققىدە تەپەككۇر قىل!

ئەگەر ئاجىز بىرسى بولساڭ، مەككىدە زالىم ۋە رەھىمسىز مۇشرىكلارنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا ياشىغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەك ئال!

ئەگەر غالىپ بىر قوماندان بولساڭ، بەدرى ۋە ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن جاسارەت ئىگىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن ئىبرەت ئال!

(ئاللاھ ساقلىسۇن) ئەگەر مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلسەڭ، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان ياكى يارىلانغان ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا سەبىر ۋە شجائەت بىلەن كېزىپ يۈرگەن تەۋەككۇلچى پەيغەمبىرىمىزنى ئەسلە!

ئەگەر مۇئەللىم بولساڭ، مەسچىتتە ئەسھابى سۇپپىغا نازۇك ۋە سەزگۈر قەلبىنىڭ تۇيغۇسىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىلاھىي ئەمىرلەرنى ئۆگەتكەن پەيغەمبەرنى ئەسلە!

ئەگەر ئوقۇغۇچى بولساڭ، ئۆزىگە ۋەھىي ئېلىپ كەلگەن جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئەدەپ ۋە ئىشتىياق بىلەن ئولتۇرغان پەيغەمبىرىمىزنى تەسەۋۋۇر قىل!

ئەگەر باشقىلارغا دەرس بېرىدىغان بىر دەۋەتچى ياكى بىر يېتەكچى بولساڭ، مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئىچىدە ساھابىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەچ، قەلبىدىن ھېكمەتلەر چېچىۋاتقان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا!

ئەگەر ھەقنى مۇداپىئە قىلىش ۋە يەتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىساڭ ۋە بۇ ھەقتە سېنى قوللايدىغان بىر ياردەمچىڭ بولمىسا، مەككىدە ھەر قانداق ياردەمدىن مەھرۇم قالغان بىر ئەھۋال ئاستىدا زالىملارغا ھەقنى ئېلان قىلىپ ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا چاقىرغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىغا قارا!!

ئەگەر دۈشمىنىڭنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىنى ئەگكەن، باتىلنى مەغلۇپ قىلىپ ھەقىقەتنى ئېلان قىلغان بولساڭ، مەككىنىڭ پەتھى كۈنى غالىپ بىر قوماندان بولۇشىغا قارىماي، مۇقەددەس شەھەرگە ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە سەجدە قىلغان ھالەتتە كىرگەن شۈكۈر ئىچىدىكى پەيغەمبىرىمىزنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر!

ئەگەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىرسى بولساڭ ۋە ئېتىزدىكى ئىشلىرىڭنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىشنى ئويلىساڭ، بەنى نەدىر، خەيبەر ۋە پەدەكلەرگە ساھىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرلەرنى ئىسلاھ قىلىپ ئەڭ گۈزەل ئىدارە قىلىدىغان شەخسلەرنى ئىش بېشىغا قويغان پاراسەتلىك پەيغەمبىرىمىزنى ئۈرنەك ئال!

ئەگەر يېتىم بىرى بولساڭ، ئابدۇللاھ ۋە ئامىنەنىڭ يېتىمى ۋە ئۇلارنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان يالغۇز مەسۇم، نۇرلۇق يېتىمنى ئەسلە!

ئەگەر يېتىلگەن بىر يىگىت بولساڭ، مەككىدە تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ قويلىرىنىڭ پادىچىسى بولۇش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىك نامزاتى بولغان ئۇ يىگىتنىڭ ھاياتىغا دىققەت قىل!

ئەگەر تىجارەت كارۋانلىرى بىلەن بىرگە يولغا چىققان بىر سودىگەر بولساڭ، شامغا (ھازىرقى سۈرىيە) ۋە يەمەنگە ماڭغان كارۋانلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولغان زاتنىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىل!

ئەگەر قازى بولساڭ، مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ھەجەرۇل ئەسۋەدنى كەبىدىكى ئورنىغا قويۇش ھەققىدىكى دەتالاشتا بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىلى ئاز قالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئادىل ۋە پاراستى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان چارىسىنى ئويلا! تارىخنى قايتا ئەسلىگەچ مەدىنىدە مەسجىدى نەبەۋىيدە ئولتۇرۇپ، يوقسۇللۇق تارتىۋاتقان پېقىرلار بىلەن باياشاتلىق ئىچىدىكى بايلارنى قېرىنداش قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلغان ئۇ پەيغەمبەرگە قارا!

ئەگەر بىر ئەر بولساڭ، ھەزرىتى خەدىچە ۋە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يولدىشى بولغان ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ پاك ھاياتى، چوڭقۇر ھېسسىياتى ۋە مېھىر-مۇھەببىتىگە دىققەت قىل!

ئەگەر بىر پەرزەنتكە دادا بولغان بىرى بولساڭ، فاتىمە زەھرانىڭ دادىسى, ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ بوۋىسى بولغان ئۇ زاتنىڭ نەۋرىسگە قىلغان مۇئامىلىسىنى ئۆگەن!

سېنىڭ سۆيىتىڭ نېمە بولىشىدىن ۋە قانداق ئەھۋالدا بولىشىڭدىن قەتئىينەزەر، ئەتىگەن ـ ئاخشام ھەر ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن مۇكەممەل يول كۆرسەتكۈچى ۋە ئەڭ گۈزەل رەھبەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتەن.

ئۇ شۇنداق بىر يول باشلىغۇچىكى، ئۇنىڭ سۆننىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەرقانداق بىر خاتالىقنى تۈزىتەلەيسەن. چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى يولغا سېلىپ، غەملىرىڭدىن خالاس بولالايسەن. ئۇنىڭ نۇرى ۋە رەھبەرلىكى سايىسىدا ھاياتىنىڭ پىشكەللىكلىرىدىن قۇتۇلۇپ ھەقىقي سائادەت يولىنى تاپالايسەن!

ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ قەلبى، ناھايىتى گۈزەل ۋە ئاز ئۇچرايدىغان چېچەكلەر بىلەن تولغان، ئېپار، ئەنبەر قاتارلىق پۇراقلىق گۈللەرگە ئوخشايدىغان بىر جەننەت باغچىسىدىنمۇ گۈزەل بىر باغچىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا تۇرغانلار ئۈچۈنمۇ مۇكەممەل ئۆرنەكتۇر. مەسىلەن، بىر مەھكۇمنىڭ ھاياتى ھاكىمغا، ھاكىمنىڭ ھاياتىمۇ مەھكۇمغا مىسال بولالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن ھاياتى يوقسۇللۇق ۋە مىسكىنلىك ئىچىدە ئۆتكەن بىر پېقىرنىڭ ھاياتىمۇ باي ـ باياشاتلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن بىرى ئۈچۈن نەمۇنە بولالمايدۇ. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ھەر ئىككى تەرەپكە ئۆرنەك بولالايدۇ. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ھاياتىنى جەمئىيەتتىكى ئاجىزلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى ھېسابلىنىدىغان "يېتىملىك" بىلەن باشلىتىپ، ھاياتىنىڭ مۈشكۈل يوللىرىدىن ئۆتكۈزۈپ كۈچ ـ قۇۋۋەت

ۋە سالاھىيەت نوقتىسىدىن ئەڭ ئۈستۈن بولغان ئورۇنغا، يەنى دۆلەت رەئىسلىكى ۋە پەيغەمبەرلىككە قەدەر يۇقىرى كۆتۈرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەر، ئىنسان ھاياتىدىكى ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خۇشاللىق ئۆتكەللىرىنىڭ نۇرغۇن مىساللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتى قايسى باسقۇچ ياكى قانداق ۋەزىيەتتە بولسۇن بارلىق ئىنسانلارنىڭ كۈچى ۋە قابىلىيىتىگە ئاساسەن ئۆرنەك ئالالايدىغان ئەمەلىي، ھەقىقىي ۋە مۇكەممەل بىر ئۆرنەك ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئۇ ئاللاھتائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ئەڭ گۈزەل ھەدىيەسىدۇر. ئۇ يەنە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىن ئەڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە قەدەر ھەر بىر كەسىپ ئەھلى ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل نەمۇنىدۇر. ئۇ، ئۇنىڭ تەڭداشسىز كىشىلىكىدىن ئۆرنەك ئېلىشقا تىرىشقان مۆئمىنلەر ئۈچۈن مۇكەممەل ۋە ئەمەلىي بىر تارازىدۇر.

پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان سالىھلاردىن باشقا ئىنسانىيەتكە قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇلارغا ئۆرنەك بولۇپ رەھبەرلىك قىلىش غايىسىدىكى پۈتۈن ئىنسانلار يەنە كېلىپ ھەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئاجىز ئەقلى بىلەن بىلىشكە تىرىشقان پەيلاسوپلار، بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئاجىز قالدى. چۈنكى پەيغەمبەرلەر، ئىلاھىي ۋەھيىنى ئاساس قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بىر-بىرىنى تەستىقلايدىغان ھىدايەت رەھبەرلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى يەتكۈزىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار دائىم: ”ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ“ دېگەن.

ھالبۇكى، ھەقىقەتنى ئىزدەش جەريانىدا ئىنسانىيەتكە رەھبەر بولۇشنى غايە قىلغان پەيلاسوپلار، ئىلاھىي تەلىماتتىن مەھرۇم

قېلىپ نەپسىنىڭ قۇلى بولغانلىقى ۋە ئاجىز ئەقلى بىلەنلا ھۆكۈم چىقارغانلىقى ئۈچۈن دائىم: ”مېنىڭ كۆز قارىشىمدا مۇنداقتۇر“ دېيىشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار، دائىم بىر-بىرىنىڭ يېغىنى شوراپ، بىر-بىرىنى يالغانغا چىقىرىپ كەلمەكتە. بۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلىرىنى توغرا يولغا باشلىيالمىغان.

مەسىلەن، ئارىستوتىل ئەخلاق پەلسەپىسىنىڭ بىر قىسىم قانۇن ۋە قائىدىلىرىنىڭ ئاساسىنى سالغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇ مەلۇماتلار ۋەھىيدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەلسەپىسىگە ئىشىنىپ ۋە تەتبىقلاپ سائادەتكە ئېرىشكەن بىرەر كىشىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەيلاسوپلارنىڭ قەلبى ۋە نەپسى ساپلاشتۇرۇلۇپ پاكلانمىغان، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋەھيىنىڭ ياردىمى بىلەن پىشىپ يېتىلمىگەن.

ۋەھيي بىلەن تەربىيەلەنمىگەن ئەقىل ۋە قەلب خاھىشىنىڭ ئىنسانلارنى ئېتىرىدىغان پالاكەتتىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىنبىر چارىسى، ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ”ھەبلى مەتىن“ يەنى ئېسىلىدىغان ئەڭ مۇستەھكەم ئارغامچا بولغان قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ چوڭقۇر ھەقىيقەتلىرىنىڭ ئەڭ كونكرېت ۋە ئەمەلىي مىساللىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىممەتلىك ھاياتىدا مەۋجۇتتۇر. شۇنداق ئىكەن، يارىتىلىشىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئادەم باللىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش، مۇقەددەس قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ مەنبەسى بىلەن ياشاشتۇر.

چۈنكى قۇرئان ۋە سۈننەت، دۇنيا-ئاخىرەت سائادىتىنىڭ رېتسېپى، مەخلۇقاتنىڭ نۇرى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسلىمىسىدۇر. ئۇ ئۈممىتىگە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ئىككى يول باشلىغۇچىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك
كېلىشتىن بۇرۇن ئىنسانلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن ۋە
ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، خەلق ئۇنىڭغا:
"سەن ئەل ئەمىن ۋە سىددىقسەن!" دېگەن. ئۇ دەۋىتىنى بۇ
مۇكەممەل سالاھىيىتى بىلەن باشلىغان.

خەلق ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ياخشىلىقى ۋە راستچىللىقىنى
پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇنلا بىلەتتى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.
ئۇنىڭغا ئەل ئەمىن نامىنى بەرگەن قەۋمى، كەبە رېمونۇت قىلىنىۋاتقان
ۋاقىتتا ھەجەرۇل ئەسۋەتنى ئۆز جايىغا قويۇش مەسىلىسىدە كېلىپ
چىققان ئىختىلاپتا ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئېتىراز بىلدۈرمەستىن رازى
بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر راستچىل كىشىكى، ئۇ
دەۋرىدىكى ئىسلام ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان ئەبۇ
سۇفيان (تېخى مۇسۇلمان بولمىغان) رىم ئېمپېراتورى ھېراقلىيۇسنىڭ:
"ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ۋاقىتلىرى بولدىمۇ؟" دېگەن
سوئالىغا: "ياق، ئۇ ھەر ۋاقىت ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدۇ!" دېيىشتىن
باشقا سۆز تاپالمىغان.[7]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئەبۇ
جەھىل ۋە دوستلىرىنىڭ بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:
"ئەي مۇھەممەد! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز سېنى يالغانچىغا
چىقارمايمىز، سەن ئەتراپىمىزدىكى ئەڭ راستچىل ۋە ئەڭ سادىق بىر
كىشى سەن. لېكىن، بىز سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن دىنىڭنى يالغانغا
چىقىرىمىز" دېيىشى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەپلەرنىڭ پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا قانچىلىك ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
يۇقىرىقى ۋەقەدىن كېيىن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

---

7. بۇخارى، بەدئىئۇل ۋەھيي، 6، سالات،1، ساداقات، 28؛ مۇسلىم، جىھاد، 74

«ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.» (ئەنئام سۈرىسى 33-ئايەت)

مانا شۇنىڭدەك، ئەشەددىي دۈشمەنلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە قوبۇل قىلىسمۇ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنى رەت قىلغان.

ئۇ مۇبارەك پەيغەمبەرنىڭ، مۇشرىكلار تەرىپىدىن "ئەل ئەمىن" (ئىش-ھەرىكىتى ۋە تىلىدىن ھەممىيلەنگە ئەمىنلىك ۋە ھۇزۇر بېغىشلىغان كىشى) دېگەن سۈپەت بىلەن ئاتىلىشىغا سەۋەپ بولغان ۋەقەلەرنىڭ بىرى تۆۋەندىكى ۋەقەدۇر، خەيبەر ئۇرۇشى داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەھۇدىيلار سېپىدىن يەسار ئىسىملىك بىر پادىچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان سۆھبەتتىن كېيىن ئۇ ئىسلامغا كىردى ۋە مۇسۇلمانلارغا قېتىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاۋۋال قويلىرىنى ئېگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزىگە قېتىلىشنى ئېيتتى. بۇ ئۇرۇش سوزۇلۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ئازلىغان بىر ۋاقىت ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ مۇبارەك قوماندان ئەڭ قىيىن ئەھۋال ئاستىدىمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان ئۈلگە تىكلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھالىتى ۋە ئەخلاقىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى، مىراج ۋەقەسىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ: "ئۇ دېگەن بولسا راستتۇر!" دېگەن تەستىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى ساناپ تۈگەتكۈسىز ئادالەت، مېھىر-شەپقەت ۋە رەھمەت نۇرلىرى پۈتۈن دۇنياغا

قىيامەتكىچىلىك تەڭداشسىز بىر ئۆرنەكتۇر. بۇ ئوخشىشى يوق نۇرلۇق چىراقنىڭ ئەتراپقا تارقاتقان پارلاق نۇرىنى كۆرەلىگەن ھەر ئىنساپلىق كۆز، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى، ھېچ بولمىسا كۆڭلىدە بولسىمۇ ھەرگىز ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىمان ئېيتمىغان ھالدا ھەقىقەتكە بويۇن ئېگىش مەجبۇرىيىتىدە قالغان بىر قىسىم غەربلىك ئالىملارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ۋە مۆجىزىلىرىنى ئىقرار قىلماي تۇرالمىغان. كۆڭلىدە بولسىمۇ تەستىقلىغان. شۇلاردىن بىرى بولغان توماس كارلىل: "ئۇنىڭ تۇغۇلىشى، نۇرنىڭ زۇلمەتتىن قۇتۇلىشىدۇر" دېگەن.

"ئانا بىرتاننىكا" ناملىق مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىيىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتىنى تەستىقلاش ماھىيىتىدە مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان: "مۇھەممەدنىڭ ئېرىشكەن زەپەرلىرىگە، ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر ياكى ئىسلاھاتچى دىنى بىر ئالىم ئېرىشەلمىدى."

ب. سىمىت: "شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكىدۇر."

يازغۇچى ستەنلي لەنپاۋلو شۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغان: "مۇھەممەدنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى بۈيۈك غالىبىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەن كۈن، ئۇنىڭ پەزىلەت زەپىرىنىمۇ تەڭ قازانغان كۈنىدۇر. مەككىنى پەتىھ قىلغان كۈنى ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىنى ھېچبىر تۆلەم ئالماستىن قويۇپ بەردى ۋە بۇ ئومۇمىي كەچۈرۈم پۈتۈن مەككە ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى."

يازغۇچى ئارتۇر گىلمانمۇ: "مەككىنىڭ پەتھىدە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تاماشا قىلماقتىمىز. ئۆتمۈشتە ئۆزىگە قىلىنغان ئەزىيەتنىڭ تەسىرى، ئۇنى ئىنتىقام ئېلىشقا ئۈندەشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ھەزرىتى مۇھەممەد قوشۇنىنى ھەر تۈرلۈك قان تۆكۈشتىن ساقلىدى. بۈيۈك بىر شەپقەت كۆرسەتتى ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلدى" دېگەن.

1789 ـ يىلىدىكى بۈيۈك فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ پىكرىي ئاساسىنى تەييارلىغانلاردىن بىرى بولغان پەيلاسوپ لافايەتتا، مەشھۇر ”كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى“نى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى پۈتۈن قانۇن سىستېمىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئىسلام قانۇنىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: ”ئەي ئۇلۇغ مۇھەممەد! ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا شۇنداق بىر چوققىغا چىقىپسەنكى، ھېچبىر ئىنساننىڭ ئۇ سەۋىيەگە چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇمكىن بولمايدۇ!“

مانا بۇ، دۈشمىنىمۇ ھەقلىكىگە تەسلىم بولۇپ، ئۈستۈنلىكىنى تەستىق ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ھەقىقى پەزىلەت. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ۋە پاراستى، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن دىنىغا ئىشەنمىگەنلەرنىمۇ قايىل بولۇشقا مەجبۇر قىلغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، ھەر خىل ئىشلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم جاۋاب بېرەلەيدىغان ئەخلاقىي مۇكەممەللىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئۇ يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي نوقتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ نۇر ئىزدىگەنلەرنىڭ يولىغا نۇر چاچىدۇ. ئۇنىڭ ھىدايىتى، توغرا يولنى ئىزدىگەنلەر ئۈچۈن يورۇتقۇچى ۋە دەخلىسىز بىر چىراقتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك رەھبىرىدۇر.

ئۇنىڭ يېتەكلەش ھالقىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىن كەلگەن ھەر خىل تەبىقىلەرنىڭ يىغىندىسى ھالىتىدە ئىدى. پۈتكۈل مىللەتلەر تىلى، رەڭگى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا قارىماي ئۇ يەردە توپلىنىپ بىرلەشكەن. ھەر قانداق بىر ئىنساننى ئۇ يەرگە كىرىشتىن چەكلەيدىغان ھېچبىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ يەر پەقەت بىر قەۋمگىلا ئائىت بولماستىن، ھەر بىر ئىنساننى پەقەت ئىنسان

بولغانلىقى ئۈچۈن قوينىغا ئالىدىغان بىر ئىلىم-ئىرپان مەركىزى ئىدى. ئۇيەردە ھەق ۋە ئادالەت ئېتىبارى بىلەن ئاجىز بىلەن كۈچلۈكنىڭ، باي بىلەن نامراتنىڭ پەرقى يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەرگە بىر قاراپ بېقىڭ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى، مىسىر كاتتىسى فەرۋە، ھىمىيەر رەئىسى زۇلكىلا، فىرۇزى دەيلەمى، يەمەندىن مەراكەبۇد، ئومان ۋالىيلىرىدىن ئۇبەيدە ۋە جەئفەر كەبى ئالىيجاناپ كىشىلەرنى كۆرەلەيسىز.

تەكرار قارايدىغان بولسىڭىز، بۇ ھۆكۈمدارلار بىلەن بىرلىكتە بىلال، ياسىر، سۇھەيب، خەبباب، ئەممار، ئەبۇ فۇقەيھە ۋە شۇلارغا ئوخشىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى، سۇمەييە، لۇبەينە، زىننۇرە، نەھدىيە، ئۇممۇ ئابىس كەبى جارىيە ۋە ئىگىسىز قالغان ئاياللارنىمۇ كۆرەلەيسىز.

ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا ئەقىل-پاراسەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك ۋە ئىستىداتلىق كىشىلەر بولغانغا ئوخشاش، ئەڭ ئىنچىكە ئىشلارغا لاياقەتلىك نۇرغۇن ھېكمەت ۋە سىرلارنى بىلىدىغان، دۆلەتنى پاراسەت ۋە قابىلىيىتى بىلەن ئىدارە قىلغان كىشىلەرمۇ بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر، شەھەرلەرنى باشقۇردى، ۋىلايەتلەرگە ۋالىي بولدى. ئىنسانلار ئۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە سائادەتكە ئېرىشتى ۋە ئادالەتنىڭ تەمىنى تېتىدى، ئۇلار خەلقكە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىپ، ئىنسانلارنى بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش قىلدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

❀ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى

❀ يۈلتۈزلاردىكى ئۆرنەك

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى

تارىختا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا، ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتى خاتىرلەنگەن ۋە پۈتۈن ئالاھىدىلىگى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلگەن ئىككىنچى بىر ئىنساننى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك كىشىلىكىنى تەپسىلى بايان قىلىشقا توغرا كەلسە نەچچە توملىغان كىتابمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

ئىسلامىي ئىلىملارنىڭ ئاساسى ۋە ئىجتىھادى نوقتىسى ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىگىنى ئۆزىگە دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ئىلىم-پەننىڭ ئوخشىمىغان تارماقلىرى تەرىپىدىن ئايرىم-ئايرىم تەتقىق قىلىنىدى. 1400 يىلدىن بېرى يېزىلغان پۈتۈن ئىسلامىي ئەسەرلەر، بىرلا كىتابنى، يەنى قۇرئان كەرىمنى ۋە بىرلا ئىنساننى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بايان قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

يارىتىلىش مۆجىزىسى بولغان كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئىنساننىڭ ئەقلىي كۈچى بىلەن تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ دۇنيادىن ئېلىنغان ئىلىملەر ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىز كېلىدۇ. بىر ئىستاكانغا دېڭىزنى سىغدۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ مۇكەممەل ھالەتتە چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

بىز بۇ يەردە ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ ئۈلگىلىك ئىش-ئىزلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بىپايان دېڭىز تەشكىل قىلغان مىساللاردىن پەقەت بىر قانچىسىنى ئىدراك قىلالىغىنىمىزچە ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمىز:

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىماسى ۋە گۈزەل ئەخلاقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامالى گۈزەل، ھاياتى مۇكەممەل، ۋۇجۇدى پەۋقۇلئاددە پاك ۋە مۇبارەكتۇر. ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ جامالىنى لايىق رەۋىشتە تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام قۇرتۇبى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆسنى جامالى تولۇق ئاشكارا بولمىغان، ئۇنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى ھەقىقەتتە تولۇق نامايەن بولغان بولسا ئىدى، ساھابىلىرى ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى" دېگەن.

ھەقىقەتەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن دائىم بىرگە يۈرگەنلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ئەدەپ-ئەخلاقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ نۇر جامالىنى قانغۇچە كۆرۈپ باققانلار بەك ئاز ئىدى. ھەتتا سۆھبەتلىشىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەردىن باشقا ساھابىلەرنىڭ دائىم ئالدىغا قاراپ ئولتۇرىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پەقەت ئۇشبۇ ئىككى ساھابىنىڭلا كۆز-كۆزگە كەلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزگە قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتى، كائىناتنىڭ پەخرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ئىككىسىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتى.

بۇ ئەھۋالنى كېيىن مىسىر پاتىھى دېگەن نام بىلەن تارىختا يېزىلغان ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىرگە ياشىدىم. پەقەت ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ۋە ئۇنىڭدىن ھايا قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ مۇبارەك ۋە نۇرلۇق يۈزىنى ئېنىق كۆرۈپ باقمىدىم. ئەگەر بۈگۈن ماڭا: "بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىنى سۈپەتلەپ بەرگىن" دېسە، ئىشىنىڭلاركى سۈپەتلەپ بېرەلمەيمەن." (مۇسلىم، ئىمان، 192)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىقا خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان چىرايى، چىرايلارنىڭ ئەڭ پاك ۋە ئەڭ چىرايلىقى ئىدى. يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قىزىقىپ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزىگە قاراپ: "بۇ چىراي ئەسلا يالغان ئېيتمايدۇ!" دېگىنىچە مۇسۇلمان بولغان. (تىرمىزى، قىيامەت، 2485/42؛ ئەھمەت، 451)

چۈنكى ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولغان گۈزەللىك، ھەيۋەت، يورۇقلۇق، لاتاپەت شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغانلىقىغا دائىر ئالاھىدە بىر مۆجىزە ۋە دەلىل-ئىسپاتقا ئېھتىياج يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسىنى ياقتۇرمىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىنى مۇبارەك يۈزىگە قاراپ بىلگىلى بولاتتى، بىر نەرسىنى ياقتۇرغان ۋاقىتتا يۈزىدە بىر مەمنۇنىيەت جىلۋىلىنەتتى.

ئۇنىڭ مۇبارەك جىسمىدا كۈچ-قۇۋۋەت، ھايا-ئىپپەت ۋە كۈچلۈك ئىرادە بىر ئارىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ رەھىمدىل قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ يۈزىدە ئاجايىپ بىر نۇر، سۆزلىرىدە راۋانلىق، ھەرىكەتلىرىدە لاتاپەت، تىلىدا پاساھەت، جۈملىلىرىدە بالاغەت، بايان قىلىشىدا ئاجايىپ بىر تالانت بار ئىدى.

ئۇ ئارتۇقچە سۆز قىلمايتتى لېكىن قىلغان ھەر بىر سۆزىدە ھېكمەت ۋە نەسىھەت بار ئىدى. ئۇنىڭ لۇغىتىدە ئەسلا غەيۋەت-شىكايەت دەيدىغان سۆزلەر يوق ئىدى. ھەر كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سۆز قىلاتتى. مۇلايىم ۋە كەمتەر ئىدى. قاقاھلاپ كۈلمەيتتى، دائىم تەبەسسۇم قىلاتتى.

ئۇنى تۇيۇقسىز كۆرگەن كىشىنى سۈر باساتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت بولۇپ سۆھبەتتە قاتناشقان كىشىلەر ئۇنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈشكە باشلايتتى.

ئورنىغا قاراپ پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا كۆيلەپ ئىكرام قىلاتتى. ئائىلە تاۋاباتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا گۈزەل مۇئامىلە قىلغاندەك، باشقا كىشىلەرگىمۇ مېھىر-شەپقەتتى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

خىزمەتكارلىرىغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆزى نېمە يەپ نېمە كەيسە، ئۇلارغىمۇ شۇنى يېدۈرۈپ، شۇنى كەيگۈزەتتى. سېخى، ھەدىيە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، مېھىر-شەپقەتلىك، ۋاقتى كەلگەندە جەسۇر، يېرى كەلگەندە مۇلايىم ئىدى.

ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئاق كۆڭۈللىكىنى لايىقىدا ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى پېقىرلىقتىن قورقمىغان بىر كىشىنىڭ ئىكرام كۆرستىشىدىن بەكرەك يۇقىرى سەۋىيەدە ئىدى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇنىڭ "ياق" ياكى "يوق" دەپ باققىنىنى بىلمەيمەن." (مۇسلىم، فەزائىل، 56)

ئۇ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئەڭ كۆپ سىلە-رەھىم قىلىدىغان، كىشىلەرگە ئەڭ كۆپ مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزىدىغان، ئىنسانلارغا ئەڭ گۈزەل مۇئامىلە قىلىدىغان، ناچار ئەخلاقتىن يىراق تۇرىدىغان ۋە گۈزەل ئەخلاق ساھىبى پەيغەمبەر ئىدى. ھەدىسلىرىدە: "قىيامەت كۈنى مۆئمىن كىشىنىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىن ئېغىرراق بىر نەرسە تېپىلمايدۇ. ئاللاھتائالا قوپال ۋە ئەدەپسىز سۆز قىلغان كىشىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ." دېگەن. (تىرمىزى، بىررى، 62 /2002)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئامانەتكە سادىق، ۋەدىسگە ۋاپا قىلاتتى، ئەخلاق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە بارچە ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بارچە ماختاش ۋە مەدھىيەگە لايىقتۇر.

ئۇ دائىم تەپەككۇر قىلاتتى ۋە مۇھىم بىر ئىش بولمىسا سۆز قىلمايتتى. سۈكۈت قىلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولاتتى. بىر سۆزنى باشلىسا ئۇنى تۈگىتەتتى. بىر قانچە مەنانى بىر كەلىمىگە جۇغلاپ سۆزلەيتتى ۋە سۆزلىرى دانە ـ دانە ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس ئىدى. گەرچە تەبىئىتى مۇلايىم بولسىمۇ، ناھايىتى قامەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك كۆرىنەتتى.

ئۇ ھەقىقەتنىڭ كۆمىلىشىدىن ۋە ھەقىقەتنىڭ بىرچەتتە قايرىلىپ قېلىشىدىن باشقا ئىشقا ئاچچىقلانمايتتى. ھەقىقەت دەپسەندە بولغان ۋاقىتتا، ھەقىقەت ئۆز ئورنىنى تاپقان ۋە ھەقىقەت ياقىلغانغا قەدەر ئاچچىقى يانمايتتى. ئۆزى ئۈچۈن ئەسلا ئاچچىقلانمايتتى. ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدە ئۆزىنى ئاقلىمايتتى ۋە باشقىلار بىلەنمۇ تاكاللاشمايتتى.

ئۇ ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت سورىماستىن كىرمەيتتى. ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئۆيدە قالىدىغان ۋاقتىنى ئۈچكە ئايرىيتتى: بىرىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، بىرىنى ئائىلىسىگە، ئاخىر قىسمىنى ئۆزىگە ئايرىيتتى. ئۆزىگە ئايرىغان ۋاقتىنى چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايرىپ، ئۇلاردىن ھېچكىمنى مەھرۇم قىلمايتتى، ھەممىسىنىڭ قەلبىنى پەتىھ قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇقىم بىر يەردە ئولتۇرۇشنى ساھابىلەرنىڭ ئادەت قىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ھەر تەرىپىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە مەجلىسلەردە تەكەببۇرلۇق قىلىشقا سەۋەپ بولىدىغان ھەرىكەتتە بولۇشنى خالىمايتتى. بىر سورۇنغا كەلگەندە ئۇ سورۇندا قايسى

ئورۇن بىكار بولسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى ۋە ھەممەيلەننىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىرى ئۇنىڭدىن ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر نەرسە سورىسا، ئۇ سورىغان ئىش ئەھمىيەتلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇ ئىشنى ھەل قىلماستىن راھەت بولالمايتتى. ئەگەر ئۇ ئىشنى ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھېچ بولمىسا چىرايلىق سۆز بىلەن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئۇنۇتمايتتى. ھەممەيلەننىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى. كىشىلەر مەيلى قايسى تەبىقە، قايسى ئورۇندا بولسۇن، باي ـ نامرات، ئالىم ـ نادان دېمەستىن ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىززەت ـ ئىكرامغا نائىل بولاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن سورۇنلىرى مۇلايىملىق، ئىلىم، ھايا، سەبىر، تەۋەككۇل ۋە ئامانەتكە رىئايە قىلىش قاتارلىق پەزىلەتلەر بىلەن تولاتتى.

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۈزىگە سالمايتتى. ئەگەر خاتىرلىتىشقا توغرا كەلسە، قارشىسىدىكى كىشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرمەيدىغان بىر ئۇسلۇبتا دىققەت بىلەن كۆڭلىنى رەنجىتمەستىن ئاگاھلاندۇراتتى. ھېچكىمنىڭ ئەيىبىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلمايتتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ئىچكىرلەپ تەكشۈرۈلىشىنى چەكلەيتتى.

كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەجىرگە ئېرىششنى ئۈمىد قىلغان ئىشلاردىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن سۆز قىلمايتتى. سۆھبەت سورۇنلىرى كۆڭۈللۈك بولاتتى. ئۇ سۆز قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئەتراپىدىكىلەر ھاياجان ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورۇنىدىن ئالغان ھۇزۇر ۋە ئەدەپلىك ئولتۇرۇشنى: "خۇددى بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە بىر قۇش بار، ئازراق مىدىرلىساق ئۇ قۇش ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك سۈكۈت

ئىچىدە ئولتۇراتتۇق.“ دەپ ئىپادىلەيتتى. (ئەبۇ داۋۇت، سۈننەت، 4753/24ـ23)

ئۇنىڭدىن ساھابىلىرىگە ئەكس ئەتكەن ئەدەپ ۋە ھايا شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇلار كۆپىنچە رەسۇلۇللاھتىن سوئال سوراشتىنمۇ خىجىل بولاتتى. شۇڭا سەھرادىن بىر بەدەۋى (سەھرالىق) كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سوراپ سۆھبەتلەشسە، ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن بىزمۇ پايدىلانساق دەپ ئۈمىد قىلاتتۇق.

ئۇ ھاياتى بويىچە بىر سەمىمىيەت ئابىدىسى بولدى. قەلبىدە بولمىغان ھېچقانداق بىر سۆزنى تىلىدا سۆزلىمىدى. ئەخلاقى بىلەن خۇددى ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر جانلىق قۇرئان ئىدى. ئۇ ئۆزى قىلىپ باقمىغان ئىشنى باشقىلارغا بۇيرىمايتتى.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە دۇنيادىكى ھېچبىر پادىشاھ يېتەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيەچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي ئالدىغا قويۇلغان كاتتا دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ ھېچبىرىگە كۆز قىرىنى سالمىدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. بۇرۇنقىغا ئوخشاش، كېسەكتىن ياسالغان ئاددىي ھوجرىسىدا كەمبەغەل شەكىلدە ياشاشنى داۋاملاشتۇردى. خورما ياپراقلىرى بىلەن تەييارلانغان كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىدى ۋە ئاددىي كىيىملەرنى كەيدى. ئەڭ تۆۋەن ئىنسانلارنىڭ ھايات ئۇسلۇبىدىنمۇ ئاددىي بىر ئۇسلۇپتا ياشىدى. بەزىدە يېگىلى نەرسە تاپالمىغان ۋاقىتتا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ، قورسىقىغا تاش تېڭىپ يۈردى. پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ تەۋبە قىلىش ۋە شۈكۈر قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. كېچىلىرى پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەنگە

قەدەر قىيامدا تۇردى. مەزلۇملارنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ئۇ يېتىملەرنىڭ، ئىگە ـ چاقىسىز، ئاجىز كىشىلەرنىڭ تەسەللىيسى ئىدى. ئۇ بۈيۈكلىكىگە قارىماي ئەڭ ئاجىز كىشىلەرنىڭ دەردىنى تىڭشايتتى، ھەتتا ئۇلارغا مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ياردەم قىلىپ، يار ـ يۆلەك بولاتتى.

ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ كۈچلۈك كۆرۈنگەن مەككىنىڭ پەتىھ كۈنىدە، قورقۇ ۋە ھاياجاندا تىترەپ:

ـ يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلامنى ئۆگەتكىن! ـ دېگەن يۇرتدىشىغا، ئۆز ئىمكانىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا خاتىرجەملىكنى تەۋسىيە قىلىپ:

ـ خاتىرجەم بول قېرىندىشىم! مەن بىر پادىشاھ ياكى بىر ھۆكۈمدار ئەمەسمەن. مەن پەقەت (مۆھتىرەم ئانىسىنى مەقسەت قىلىپ) قۇرەيش قەبىلىسىدىن ۋە كۈن نۇرىدا قۇرۇتۇلغان گۆش يەيدىغان سېنىڭ قوشناڭنىڭ يېتىمى! ـ دەپ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەمتەرلىكنىڭ مۇكەممىلىنى ئىپادىلىدى.

يەنە ئاشۇ كۈنى ياشىنىپ قالغان دادىسىنى يەلكىسىگە ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان جان يولدىشى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! شۇ ياشىنىپ قالغان داداڭنى نېمىشقا بۇ يەرگە قەدەر ئەكىلىپ چارچىتىسەن؟ بىز يېنىغا بارساق بولماسمىدى؟

ـ دەپ پەزىلەتلىك بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ئاجىز بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق ئىپادىلەيتتى: «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان. مەن پەقەت ۋەھيي ئالىمەن، خالاس!» (كەھف سۈرىسى 110 ـ ئايەت)

ئۇ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلايدىغان جۈملىنىڭ بېشىغا ئىنچىل تۈردە "ئەبدۇھۇ (ئاللاھنىڭ قۇلى)" كەلىمىسىنى قوشۇپ، ئۈممىتىنى ئۆتمۈشتىكى قەۋملەرگە ئوخشاش ئېزىپ كېتىشتىن مۇھاپىزە قىلغان.

ئۆزىگە زىيادە ھۆرمەت قىلغان كىشىلەرگە: "سىلەر ماڭا ھۆرمەتتە ئاشۇرۇۋەتمەڭلار! چۈنكى ئاللاھتائالا مېنى "پەيغەمبەر" قىلىشتىن بۇرۇن "قۇل" قىلغان." (ھەيسەمى، 4، 21) دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت كىشى كۆتۈرەلەيدىغان غەررە ئىسىملىك بىر يېمەك قاچىسى بار ئىدى. چاشكاھ ۋاقتىدا كىرىپ زۇھا نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن بىر قاچا شورپا ئېلىپ كېلىندى، ساھابىلەر ئەتراپىغا توپلاندى. ساھابىلەر كۆپەيگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. بۇنى كۆرگەن بىر بەدەۋىي بۇنداق بىر كەمتەر ئولتۇرۇشنىڭ ئالدىدا ھەيران قالدى ۋە ئازراق ياتسىرىغان ھالەتتە:

"بۇ قانداق ئولتۇرۇش؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئاللاھتائالا مېنى جاھىل ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى قىلىپ ئەمەس، شەرەپلىك بىر قۇل قىلىپ ياراتتى (كەمتەر بىر قۇل قىلدى)!" دېدى. (ئەبۇ داۋۇت، ئەئتىمە، 3773/17)

بۇنىڭ بىلەن مەغرۇر ۋە مۇتەكەببىر ئىنسان كەبى ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. يەنە بىر قېتىمدا: "ھېچكىم ئەمەل-ئىبادىتى ئارقىلىق جەننەتكە كىرەلمەيدۇ!" دېگەندە، ساھابى كىرام ھەيرانلىق ئىچىدە: "سىزمۇ شۇنداقمۇ يا رەسۇلۇللاھ؟" دەپ سورىغىنىدا: "ھەئە مەنمۇ شۇنداق! ئەگەر رەببىمنىڭ پەزلى-كەرەمى بولمىسا! چۈنكى ئۇنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا مەنمۇ جەننەتكە

كىرەلمەيمەن! قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىم مېنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ!“ دېگەن.[8]

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غۇرۇر ۋە تەكەببۇرلۇق كېيىم-كېچەكلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى رەزىللىك كىيىمى كىيدۈرۈلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۈممىتىنى جەھەننەم ئوتىدىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەردىن بەزىلىرى: ”ئاللاھ قىيامەت كۈنى، تەكەببۇرلۇق لىباسىنى (كىيىم-كېچەكنى) كىيىپ ئۇنىڭ پەشلىرىنى يەردە سۆرەپ يۈرگەن كىشىنىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ.“ (بۇخارى، لىباس، 1، 5)

”كىمكى دۇنيادا شۆھرەت لىباسى (كىيىمى)نى كەيسە، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا خارلىق كىيىمىنى كەيگۈزىدۇ.“ (ئىبنى ماجە، لىباس، 24)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان غەنىيمەتلەرنى شۇ ھامان تارقىتىۋېتەتتى ۋە ئۈممىتىنىڭ ماددىي جەھەتتىن ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەسىدە ياشىغان بىر كىشىنىڭ ھاياتىدەك ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېخىلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ خىزمەتكارى دەپ سۈپەتلەپ، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كاتىببېشى بولغان سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، مۇسۇلمان بولمىغان ۋاقتىدا ھۇنەين ۋە تائىف ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغان. جىرانىدە توپلانغان

8. بۇخارى، رىقاق، 18؛ مۇسلىم، مۇنافىقۇن، 71-72؛ ئىبنى ماجە، زۇھد، 20؛ دارىمى، رىقاق، 24

غەنىيمەت ماللىرىنى كۆرگەچ كېتىۋېتىپ، سەفۋاننىڭ بۇ ماللارنىڭ بىر بۆلۈكىگە قاتتىق ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغىنىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بەك ياقتۇردۇڭمۇ؟" دەپ سورىدى. "ھەئە" جاۋابىنى ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئالغىن، ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن!" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سەفۋان ئۆزىنى تۇتالماستىن: "پەيغەمبەرنىڭ قەلبىدىن باشقا بىر قەلب بۇنداق سېخى بولالمايدۇ" دەپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان.

سەفۋان قەبىلىسىگە قايتىپ: "ئەي قەۋمىم! يۈگۈرۈڭلار، مۇسۇلمان بولۇشقا ئالدىراڭلار! چۈنكى مۇھەممەد پېقىرلىق ۋە ھاجەتمەنلىكتىن قورقماستىن بەك كۆپ ھەدىيە قىلىدۇ" دېگەن. (مۇسلىم، فەزائىل، 57ـ58؛ ئەھمەت، 3، 107)

يەنە بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە سورىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ۋاقىتتا يېنىدا بېرىدىغان بىر نەرسىسى يوق ئىدى. ئۇ كىشىگە قەرزدار بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى چوقۇم قامدايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. (ھەيسەمى، X ,242)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش تامىقىنى مېھمانسىز، يالغۇز يېمەيتتى. ۋاپات بولغانلارنىڭ قەرزىنى تۆلەتكۈزەتتى ياكى ئۆزى تۆلەيتتى. ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلماستىن نامىزىنى چۈشۈرمەيتتى. ئۇ بىر ھەدىسىدە: "سېخى ئىنسان ئاللاھقا، جەننەتكە، ئىنسانلارغا يېقىن، جەھەننەمدىن يىراق. پىخسىق ئادەم ئاللاھقا، جەننەتكە ۋە ئىنسانلارغا ئۇزاق، جەھەننەمگە يېقىندۇر!" دېگەن. (تىرمىزىي، بىرر، 1961/40)

يەنە بىر ھەدىستە: "ھەقىقىي مۆئمىندە بۇ ئىككى ئىللەت بولمايدۇ. بۇلار پىخسىقلىق ۋە ناچار ئەخلاق!" دېيىلگەن. (تىرمىزىي، بىرر، 1962/41)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقۋالىقى

ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تەقۋاسى ئىدى. داۋاملىق ئاللاھتىن تەقۋالىق تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ”ئاللاھىم! ماڭا تەقۋالىق نېسىپ قىل ۋە نەپسىمنى پاكلا! سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن. سەن ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە تەربىيىچىسىدۇرسەن“ (مۇسلىم، زىكىر، 73)

”ئاللاھىم! سەندىن ھىدايەت، تەقۋالىق، ئىپپەت ۋە كۆڭۈل بايلىقى تىلەيمەن.“ (مۇسلىم، زىكىر، 72)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋادارلىقى سەۋەبلىك كەمبەغەللەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئائىشە ئانىمىز: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى كۈن ئارقىمۇ-ئارقا ئارپا نېنى بىلەن يەنە بىر رىۋايەتتە ئۈچ كۈن ئارقىمۇ-ئارقا بۇغداي نېنى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزماي ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتقان.“ (بۇخارى، ئەيمەن، 22؛ مۇسلىم، زۇھد، 20-22، ئىبنى ماجە، ئەئتىمە، 48)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى تەقۋالىققا ئۈندەپ مۇنداق دېگەن: ”شۈبھىسىزكى، تەقۋادار كىشىلەر مېنىڭ دوستلىرىمدۇر.“ (ئەبۇ داۋۇت، فىتەن، 4242/1)

”قەيەردە بولىشىڭدىن قەتئىينەزەر ئاللاھتىن قورق ۋە قىلغان يامانلىقىڭنىڭ كەينىدىنلا بىر ياخشىلىق قىل، بۇ قىلغان يامانلىقىڭنى يوق قىلىدۇ. ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاقىڭ بىلەن مۇئامىلە قىل!“ (تىرمىزىي، بىرر، 1987/55)

رەسۇلۇللاھ ھەقىقىي تەقۋالىققا ئېرىشىشنىڭ يولىنى مۇنداق كۆرسەتكەن: ”بەندە، شۈبھىلىك بىر نەرسىگە يولۇقۇپ قېلىش ئەندىشىسى بىلەن شۈبھىسىز بولغان بەزى نەرسىلەرنى (ھالال-ھاراملىقى ئېنىقلانمىغان شۈبھىلىك نەرسىلەر) تەرك ئەتمىسە ئۇ بەندە ھەقىقىي تەقۋالىق دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ.“ (تىرمىزى، قىيامەت، 2451/19؛ ئىبنى ماجە، زۇھد، 24)

ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاق تەنلىك بىلەن قار تەنلىكنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۈستۈنلىكى بولمىغىنىدەك، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتتىن ئۈستۈنلىكىمۇ يوق. ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋالىق بىلەن ئۆلچىنىدۇ. (ئەھمەت، V، 158)

تەقۋالىق ھەققىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر گۈزەل سۆزى بار. بىر كىشى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ئەي ياخشىلىق ئۇستازى! بىر بەندە ئاللاھتائالانىڭ ئالدىدا قانداق قىلغاندا ھەقىقىي تەقۋا بولالايدۇ؟" دەپ سورىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

"بۇ ناھايىتى ئاسان. ئاللاھتائالاغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن باغلىنىسەن، ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشىسەن ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىسەن!" دەپ جاۋاب بەردى.

" سەن قىلىشنى خالىمىغان بىر ئىشنى باشقىلارغىمۇ قىلغۇزما! شۇنداق قىلغان ۋاقتىڭدا سەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي تەقۋا كىشى بولىسەن" دەپ قوشۇپ قويدى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئەي ئۆمەر! سەن تىكەنلىك بىر يولدا مېڭىپ باقتىڭمۇ؟" دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ھەئە، مېڭىپ باقتىم" دېگەن جاۋابنى بەرگەندە ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئۇنداق بولسا، ئۇ يولدا قانداق ماڭدىڭ؟" دەپ قايتىلاپ سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر: "پېشىمنى كۆتۈرىۋالدىم ۋە تىكەنلەرنىڭ ماڭا كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ يولۇمغا داۋام قىلدىم." دەپ جاۋاب

بەردى. بۇنىڭغا جاۋابەن كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ھەقىقەتەن تەقۋالىق مانا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.“ دېدى.

تەقۋادارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنىۋىي جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغان كىشىلەردۇر. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكىنىدە، ئۆزىتىپ قويۇش ئۈچۈن مەدىنە سىرتىغا قەدەر چىقتى. مەن ئۇلاغ ئۈستىدە ئىدىم، ئۇ پىيادە مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا بەزى نەسىھەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن:

”ئەي مۇئاز! بەلكى بۇ يىلدىن كېيىن مېنى قايتا كۆرەلمەسلىكىڭ مۇمكىن! ئېھتىمال مەسجىدىم بىلەن قەبرەمنى زىيارەت قىلارسەن!“ دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ قېلىشىمنى ئويلاپ يىغلاشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

”يىغلىما ئەي مۇئاز!“ دېدى ۋە مەدىنە تەرەپكە قاراپ: ”ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنى، قانداق كىشى ۋە قەيەردە بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھقا تەقۋالىق قىلغان سالىھ كىشىلەردۇر.“ دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاھىدلىقى (تەركى دۇنيالىقى)

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن پۈتۈن دۆلەتلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەبىستاننىڭ پۈتۈن زېمىنىغا ھاكىم بولدى ۋە ئۆزى خالىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىغان بولدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئاددىي-ساددا تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۆزىنىڭ ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ، پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ قولىغا نۇرغۇن بايلىقلار كىرگەن ۋاقىتلارمۇ بولدى. مەدىنە

مۇنەۋۋەرگە نۇرغۇن خەزىنە ۋە يۈك ئارتىلغان تۆگە كارۋانلىرى كېلىپ تۇردى. لېكىن رەسۇلۇللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ: "ئەگەر مېنىڭ ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنلىرىم بولسا، قەرزىمنى تۆلەش ئۈچۈن ئايرىۋالغىنىمدىن باشقا ھەممىسىنى يېنىمدا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىمايمەن." دېگەنىدى. (بۇخارى، تەمەننى، 2؛ مۇسلىم، زاكات، 31)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە كۈنلەپ ـ كۈنلەپ قازانغا ئوت يېقىلمايتتى. رەسۇلۇللاھ كۆپىنچە ۋاقىت ئاچ ھالەتتە ياتاتتى. (ئەھمەت، 5، 217؛ ئىبنى سەئىد، 1، 405)

بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىگە شۇنداق بىر كۆز يۈگۈرتۈپ ھەر تەرەپنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۆيىنىڭ ئىچىدە خورما يوپۇرماقلىرىدىن ئۆرۈلگەن بىر بورا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. بورا قۇرۇق يوپۇرماقتىن بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىدە ئىزلار قالدۇرغان ئىدى. ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر ئۇچۇم كەلگۈدەك ئارپا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا مىخقا ئېسىقلىق تۇرغان بىر سۇ تولۇمىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. پۈتۈن ئەرەپ يېرىم ئارىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويۇن ئەگكەن شۇنداق بىر كۈندە ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا ئائىت مال ـ مۈلكى مانا شۇ بىر قانچە نەرسىدىن ئىبارەت ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، چوڭقۇر تىنىدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماستىن كۆزلىرى ياشقا تولۇپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"ئى ئۆمەر! نېمىشقا يىغلايسەن؟" دەپ سورىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"نېمشقا يىغلىماي ئەي رەسۇلۇللاھ! قەيسەر ۋە كىسرا دۇنيا نېمەتلىرى ئىچىدە راھەت سۈرۈۋاتىدۇ! ئاللاھ ئەلچىسى بولسا قۇرۇق بىر بورا ئۈستىدە ياشاۋاتىدۇ!" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ مۇنداق دېدى:

"يىغلىما ئەي ئۆمەر! دۇنيا نازۇ-نېمەتلىرى ئۇلارنىڭ، ئاخىرەت نازۇ- نېمەتلىرى بىزنىڭ بولىشىنى خالىمامسەن؟"

مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ۋەقەدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: "دۇنيا ماڭا نېمە ئۈچۈن كېرەك! دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم، بىر ياز پەسلىدە سەپەرگە چىقىپ دەرەخ ئاستىدا سايىداپ بولغاندىن كېيىن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرغان بىر يولۇچى مىسالىدۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى دۇنيا نېمەتلىرىدىن ھېساپ بېرىشتىن قورقۇپ داۋاملىق: "ئى رەببىم! مېنى پېقىر بىر ئىنسان قىلىپ ياشات، ماڭا پېقىر كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى نېسىپ قىل، مېنى پېقىرلار بىلەن بىرلىكتە ھەشىر قىل!" دەپ دۇئا قىلغان. (تىرمىزىي، زۇھد، 2352/37؛ ئىبنى ماجە، زۇھد، 7)

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇلارمۇ ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتتىن ۋە دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ-يەتكۈزمىگەنلىكىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. ئەئراف سۈرىسىنىڭ 6-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟) دەپ سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپەڭلارنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟) دەپ سورايمىز!»

زاھىدلىق، تەقۋالىق، ئېھسان قاتارلىق ئاتالغۇلار ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولسىمۇ، تەسەۋۋۇپ تەربىيەسىنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلغان بۇ خىل ئۇقۇملارنىڭ ئورتاق مەنىسى:

"نەپسانىي ھاۋايى-ھەۋەسلەرنى كونترول قىلىپ، روھىي ئىستىداتلارنى قېزىپ چىقىش ئارقىلىق قەلبىنىڭ ھۇزۇر ۋە شاتلىققا ئېرىشىشى"دۇر. بۇ ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشتا تەييارلاشقا تېگىشلىك "ساغلام بىر قەلب"نىڭ ئىپادىسىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچىلىك نازۇك ۋە ياخشى نىيەتلىك بىر قەلب ئىگىسى ئىدىكى، بىر كۈنى يەرگە تۈكۈرگەن بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مۇبارەك جامالى قىزىرىپ كەتتى ۋە تۇرغان يېرىدە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر يۈگۈرۈپ بېرىپ، تۈكۈرۈكنىڭ ئۈستىنى قۇم بىلەن يېپىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ ساھابىلىرىنى رەتلىك كىيىنىشكە بۇيرۇيتتى. كىيىم-كېچەكلەرنى رەتسىز كىيىشنى ۋە چاچ-ساقاللارنىڭ قالايمىقان تۇرۇشنى خالىمايتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا چاچ-ساقاللىرى قالايمىقان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ چاچ-ساقىلىنى رەتلىشىنى بۇيرىدى. ئۇ كىشى چاچ-ساقىلىنى رەتلەپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇ ھالەت قايسى بىرىڭلارنىڭ شەيتانغا ئوخشاش چاچ-ساقىلى قالايمىقان يۈرۈشىدىن بەكرەك گۈزەل ئەمەسمۇ؟" دېدى. (مۇئەتتا، شائىر، 7)

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچ-ساقاللىرى قالايمىقان بىر ئادەمنى كۆردى ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە: "نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەم چاچ-ساقاللىرىنى تاراپ يۈرمەيدۇ؟" دېدى. باشقا بىر كۈنى كىرلىشىپ كەتكەن كىيىم كىيىپ يۈرگەن بىرىنى كۆرگىنىدە: "بۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيىدىغان سۇ تاپالمىدىمۇ؟" دېدى ۋە بۇ

ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. (ئەبۇ داۋۇت، لىباس، 4062/14؛ نەسائىي، زىننەت، 60)

يەنە بىر قېتىمدا، ئۇستى-بېشى قالايمىقان ھالەتتە يېنىغا كەلگەن بىر ئادەمگە: "مال-مۈلكىڭ بارمۇ؟ ھال-ئوقىتىڭ قانداق؟" دەپ سورىدى. ئۇ كىشىنىڭ ماددىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن: "ئاللاھ ساڭا مال-دۇنيا بەرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئالامىتى ئۇستۈڭدە كۆرۈلسۇن!" دەپ ئۇ كىشىنى ئاگاھلاندۇردى. (ئەبۇ داۋۇت، لىباس، 4063/14؛ نەسائى، زىننەت، 54؛ ئەھمەت، 4، 137)

ئۇ باشقا بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ بەندىلىرىگە بەرگەن نېمەتنىڭ ئىزنىنى ئۇنىڭ ئۇستىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ." (تىرمىزى، ئەدەپ، 2819/54؛ ئەھمەت، 2، 311)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك كىشىلىكى مەرھەمەت، نازاكەت، مېھىر-شەپقەت ۋە يۇمشاق قەلبلىك بولۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىر كىشى قوپاللىق بىلەن:

"ئەي مۇھەممەد، ئەي مۇھەممەد!" دەپ، ۋاقىرىسىمۇ ھەر قېتىمدا يۇمشاق بىر ئۇسلۇپ بىلەن: "ھە، قېنى دېگىن، نېمە خالايسەن؟" دەپ دائىم سىلىق-سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى نازاكەتلىك بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېھمانلىرىنى دائىم ئۆزى خىزمەت قىلىپ كۈتۈۋالغان. (بەيھاقى، شۇئاب، 6، 436)

ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىمۇ قوپال سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەت بىلەن بىراۋنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەن يېرى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى نازاكەت ئىگىسى بولۇش بىلەن بىرگە ئائىلىسىنىمۇ بۇ گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەزرىتى ھەسەننىڭ تۆۋەندىكى ئەھۋالى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن گۈزەل ئەخلاقنى ياخشى

بىر مىسالدۇر. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن قولىنى ئېچىپ: ”ئى رەببىم! سېنىڭ كىچىك ۋە ئاجىز قۇلۇڭ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاللاھىم! ئاجىز خىزمەتچىڭ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئى رەببىم! تىلەمچى قۇلۇڭ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا كەلدى، سېنىڭ يوقسۇلۇڭ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا كەلدى!“ دەپ تەسىرلىك ھالەتتە چىن كۆڭلىدىن دۇئا قىلدى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مۇبارەك ئىلتىجادىن كېيىن يولدا كېتىۋېتىپ، بىر پارچە نان بىلەن قوسىقىنى تويغۇزۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان يوقسۇل ئىنسانلارنى ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى. ئۇلارمۇ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئاددىي داستىخىنىغا دەۋەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەمتەرلىك بىلەن ئۇ يوقسۇللار ئارىسىدا ئولتۇردى ۋە: ”بۇ ناننىڭ سەدىقە ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسام سىلەر بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ يەيتتىم.“ دېدى ۋە كەينىدىنلا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەدەپ بىلەن: ”قېنى تۇرۇڭلار، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى!“ دېدى. ئۇ يوقسۇللارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئۇلارغا كىيىم كەيگۈزدى ۋە يانچۇقلىرىغا مەلۇم مىقداردا پۇل سېلىپ ئاندىن ئۇزاتتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. (قاراڭ، ئەبشىھى، بېيرۇت، 1986، 31)

بۇ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاق، ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا مېھىر-شەپقەت بىلەن قارىشىنىڭ ئىنسانلاردا كۆرۈلىشىدۇر. ھەزرىتى ھەسەننىڭ بۇ ھالىتىنىڭ يەنە بىر مىسالى تۆۋەندىكىچە، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى مەدىنە باغلىرىنى ئايلىنىۋاتقاندا قارا تەنلىك بىر قۇلنى ئۇچراتتى. قۇل، قولىدىكى ناننىڭ بىر لوقمىسىنى

ئۆزى يەپ يەنە بىر لوقمىسىنى ئالدىدىكى ئىتقا بېرىۋاتاتتى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، جانابى ئاللاھنىڭ "راھمان" سۈپىتىنىڭ بۇ قۇلدا مېھرىبانلىق بىلەن ئىپادىلەنگىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە قۇلدىن نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. قۇل خىجىل بولغانلىقتىن ھەزرىتى ھەسەنىنىڭ يۈزىگە قارىيالمىدى. بۇنى كۆرگەن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەي يىگىت، سەن كىمسەن؟ - دەپ سورىدى. قۇل:

- ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ ئوغلى ئەبانىنىڭ خىزمەتچىسىمەن. - دەپ جاۋاب بەردى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ھە، ئۇنداق بولسا بۇ باغ كىمنىڭ؟ - دەپ سورىغاندا، قۇل:

-ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ ئوغلى ئەبانىڭ. - دەپ جاۋاب بەردى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارىماققا ئاددىي بىر قۇل، ئەمەلىيەتتە بۈيۈك بىر ئاللاھ دوستى ۋە مەنىۋىيەت سۇلتانى بولغان بۇ كىشىگە يېقىنلىشىش ئارزۇسى بىلەن:

- بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلما، بىردەمدىن كېيىن مەن يەنە قايتا كېلىمەن. - دەپ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ باغنىڭ ئىگىسى بولغان ئەبانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھەم باغنى ھەم ئۇ قۇلنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايتا قۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئەي يىگىت! سېنى سېتىۋالدىم. - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇل ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

- بېشىمنىڭ ئۈستىدە يېرىڭىز بار! ئىتائىتىم ئاۋۋال ئاللاھقا ۋە ئەلچىسىگە ئاندىن ساڭا. - دېدى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھاياجانلاندى ۋە قۇلنىڭ بۇ ساداقىتى ئالدىدا ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى ئاشتى. ئۆزىنى بۇنچىلىك ھاياجانلاندۇرغان ئۇ قۇلنىڭ گۈزەل قەلبىگە جاۋاب قايتۇرۇش نىيىتىدە:

- سەن ئەمدى ئازاتسەن، ھۆرسەن! بۇ باغنىمۇ ساڭا ھەدىيە قىلدىم! - دېدى. (ئىبنى مەنزۇر، مۇستەخارۇ تارىخى دىمەشق، 25، 6)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى ۋە ھاياسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلمايتتى. كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئاستا ھەم تەبەسسۇم قىلىپ ئۆتەتتى. ئۆزى ياقتۇرمايدىغان سۆزلەرنى قىلغان كىشىلەرگە قارشى ئۇلارنىڭ يۈزىگە بىۋاستە بىر نەرسە دېمەيتتى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى بىر نەرسىنى ياقتۇرۇپ، ياقتۇرمىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەر گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتىگە دىققەت قىلاتتى. ئۇ ھاياسى سەۋەبىدىن ئۈنلۈك ئاۋازدا قاقاھلاپ كۈلۈپ باقمىغان، پەقەت تەبەسسۇم قىلاتتى. ساھابىلەرنىڭ سۈپەتلىشىچە، ھىجابىغا پۈركەنگەن بىر ياش قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى. بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەدىسلەردە مۇنداق دېيىلگەن: "ھايا ئىماندۇر، ئىمانلىق كىشى جەننەتتىندۇر. ھاياسىزلىق قەلبىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىدۇر، قەلبى قېتىپ كەتكەن ئىنسان جەھەننەملىكتۇر!" (بۇخارى، ئىمان، 16)

"ھايا ۋە ئىماننىڭ ئورنى بىردۇر. بىرى كەتسە يەنە بىرىمۇ كېتىدۇ." (تەبەرانى، ئەۋسات)

"قوپال سۆز، ئەيىپتىن باشقا نەرسە كەلتۈرمەيدۇ. ھايا ۋە ئەدەپ بولسا كىرگەن يەرنى زىننەتلەيدۇ." (مۇسلىم، بىرر، 78؛ ئەبۇ داۋۇت، جىھاد، 1)

ھەقىقىي ھايا، دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىنى قەلبتىن چىقىرىپ تاشلاشقا تۈرتكە بولىدىغان "ئۆلۈمنى ئەسلەش" بىلەن قولغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلىرىگە دائىم ئاللاھتىن ئۇنىڭغا لايىق بولغان شەكىلدە ھايا قىلىشنى بۇيرۇيتتى. بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ھاياسىنى ھەمدۇ-سانا بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى

كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەقىقىي ھايانىڭ ئىنسان بەدىنىدىكى پۈتۈن ئەزالىرىنى ھارامدىن قوغداش ۋە ئۆلۈمنى ئەستىن چىقارماسلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. كەينىدىن ئاخىرەتنى ئارزۇ قىلغان كىشىنىڭ دۇنيا سۆيگۈسىنى تەرك ئېتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ، پەقەت شۇنداق قىلغانلارنىڭلا ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (تىرمىزىي، قىيامەت، 2458/24)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىمايتتى. ئۇنىڭ يەرگە قاراپ تۇرۇشى ئاسمانغا قاراپ تۇرغىنىدىن كۆپرەك ئىدى. ھاياسى ۋە گۈزەل ئەخلاقى تۈپەيلى كىشىلەرنىڭ خاتاسىنى يۈزىگە سالمايتتى.

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ باشقىلاردىن ياقتۇرمايدىغان بىر سۆزنى ئاڭلىغىنىدا: "پالانچىغا نېمە بولدىكىن، مۇنداق، مۇنداق دەۋاتىدۇ" دېمەستىن، "بەزى كىشىلەرگە نېمە بولدىكىن مۇنداق، مۇنداق دەۋاتىدۇ" دەيتتى. (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەپ، 4788/5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە كىشىلەرنىڭ خاتاسىنىڭ ئۇلارغا ماس كەلمىگەنلىكىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە: "ماڭا نېمە بولدىكىن تاڭ سىلەرنى بۇ ئەھۋالدا كۆرىۋاتىمەن" دەپ، ناھايىتى ئۇستىلىق ۋە نازاكەت بىلەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇراتتى.

مەرھەمەت ئابىدىسى ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر، كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىۋاتقان ۋاقتىتىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىش ۋە رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى.

مانا شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان ھەق دوستى مەۋلانا مەنىۋىي ھەقىقەتلەرنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: "ئەقلىم، قەلبىمگە: "ئىمان نېمە؟" دەپ سورىدى. قەلبىم ئەقلىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ: "ئىمان ئەدەپ-ئەخلاقتىن ئىبارەتتۇر" دېدى."

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شجائىتى**

دۇنيادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ بۈيۈك بىر قەھرىماننىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتىدا بىرەر قېتىم قورققان ياكى ئەندىشە قىلغان ۋاقىتلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇ پەۋقۇلئادە يۈز بەرگەن بەزى ئەھۋاللارغا قارىتا سەبىر ۋە ساباتلىق كۆرسەتتى. ھەرگىز قورقۇنچ ئىچىدە ئەندىشە قىلىپ قالايمىقان ئىش ـ ھەرىكەت قىلمايتتى.

ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ساقلاۋاتقان مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدىن "ياسىن سۈرىسى"نىڭ مۇنۇ ئىككى ئايىتىنى ئوقۇپلا ئۆتۈپ كەتكەن:

اِنَّا جَعَلْنَا فِيٓ اَعْنَاقِهِمْ اَغْلَالًا فَهِىَ اِلَى الْاَذْقَانِ
فَهُمْ مُقْمَحُونَ وَجَعَلْنَا مِنْ بَيْنِ اَيْدِيهِمْ سَدًّا وَمِنْ
خَلْفِهِمْ سَدًّا فَاَغْشَيْنَاهُمْ فَهُمْ لَا يُبْصِرُونَ

«بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئىگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىمانغا يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ.»

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بەدىر كۈنى ئۇرۇش قاتتىق داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتتا، بەزىدە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋۋالاتتۇق. ئۇ ھەممىمىزدىن جەسۇر ئىدى ۋە دۈشمەن سەپلىرىگە ئەڭ يېقىن جايدا تۇراتتى." (ئەھمەت، 1، 86)

يەنە بەررا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شىجائىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا قوغدىناتتۇق. بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ جەسۇر ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوخشاش بىر سەپتە تۇرالىغانلار ئىدى." (مۇسلىم، جىھاد، 79)

ئۇ ئىلاھىي كەلىمەتۇللاھنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى غالىپ قىلىش ئۈچۈن سەپنىڭ بېشىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتى. ھۇنەين غازىتىنىڭ بېشىدا ئىسلام قوشۇنىدا پارچىلىنىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتىمۇ، ئۇ قەددىنى ھېچ پۈكمەستىن ئۆزىنى دۈشمەن سەپلىرىگە ئاتتى. ئۇلغىنى توختىماي دۈشمەن تەرەپكە سېلىش ئارقىلىق ساھابىلىرىنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. (مۇسلىم، جىھاد، 76 ـ 81)

ئۇ مۇنداق دەيتتى: "جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شېھىد بولۇشنى، كېيىن (تىرىلدۈرۈلۈپ) جىھاد قىلىپ يەنە شېھىد بولۇشنى، تەكرار جىھاد قىلىپ يەنە شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن..." (مۇسلىم، ئىمارە، 103)

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىملىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان ئەۋلادىنىڭ ئەڭ مۇلايىمى ئىدى. (مۇسلىم، ھەج، 137)

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: "دۇنيادا ئەخلاقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن گۈزەل بولغان باشقا بىر ئىنسان يوق. ساھابىلەردىن بولسۇن ياكى ئائىلىسىدىن بولسۇن كىم ئۇنى چاقىرسا ئۇ: "خوش!" دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى

سۈپەتلەپ، ئاللاھتائالا سۈرە قەلەمدە: «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.» (قەلەم 4-ئايەت) دېگەن. (ۋاھىدى، 463-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا ھېچقاچان ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمىغان بولۇپ، دائىم ئەپۇ قىلاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىملىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: "ئۇ ھېچكىمنى ئەيىپلىمەيتتى، يامانلىققا جاۋاب قايتۇرمايتتى، كىشىلەرنى كەچۈرۈۋېتەتتى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى ۋە يامانلىقتىن يىراق تۇراتتى. ئۆزى ئۈچۈن بىر كىمدىن ئىنتىقام ئالمايتتى. ھېچبىر قۇل ۋە خىزمەتچى ھەتتا ھايۋانغىمۇ ھەقسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايتتى.

ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىنمۇ يۇمشاق بولغان بىر رەخت ياكى بىر يىپەك تۇتۇپ باقمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇرىقىدىن گۈزەلراق بىر رەيھان پۇرىقىنىمۇ پۇراپ باقمىدىم. مەن پەيغەمبىرىمىزگە ئون يىل خىزمەت قىلدىم، ئۇ بۇ جەرياندا ماڭا بىر قېتىم بولسىمۇ "ئۇف" دەپ ۋايساپ باقمىدى. قىلغان ھەر قانداق بىر ئىشىم ئۈچۈن "نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟" دەپ سوراپ باقمىغىنىغا ئوخشاش، قىلمىغان بىر ئىشىم ئۈچۈنمۇ "مۇنداق قىلساڭ بولمامتى؟"دەپمۇ باقمىدى. (بۇخارى، سەۋم، 53، مەناقىپ، 23، مۇسلىم، فەزائىل، 82)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنى: "سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت بار: ھەلىملىك (مۇلايىملىق) ۋە ئېھتىياتچانلىق" دەپ مەدھىيىلىگەن. (مۇسلىم، ئىمان، 25، 26)

بىر كۈنى بەدەۋىيلەردىن بىر كىشى مەسجىدى نەبەۋىيدە كىچىك تاھارەت قىلىپ قويىدى. ساھابىلەر ئۇ كىشىنى ئەيىپلەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ كىشىنى

ئۆز ھالىغا قويۇشلار، كىچىك تاھارەت قىلىپ سالغان يېرىگە بىر چېلەك سۇ تۆكۈۋېتىڭلار. سىلەر ئىشلارنى قىيىنلاشتۇرۇشقا ئەمەس، ئاسانلاشتۇرۇشقا بۇيرۇلغانسىلەر" دېگەندىن كېيىن ئۇ كىشىگە مۇلايىملىق بىلەن مەسچىتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئەدەپ- قائىدىسىنى ئۆگەتتى. (بۇخارى، تاھارەت، 58، ئەدەپ، 80)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مېڭىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىدە نەجران رەختىدىن تىكىلگەن قاتتىق ۋە قېلىن بىر يېپىنچا بار ئىدى. بىر بەدەۋىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ يېپىنچىسىنى قاتتىق تارتتى. بەدەۋىينىڭ قاتتىق تارتقانلىقىدىن يېپىنچىنىڭ قاتتىق تەرىپى رەسۇلۇللاھنىڭ بويىنىغا كېلىپ قالدى. بەدەۋىي:

"ئەي مۇھەممەد! قولۇڭدا ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىدىغان ماللاردىن بولسا ماڭا بېرىلىشىنى ئەمىر قىلغىن!" دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەدەۋىيگە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بېرىلىشىنى بۇيرىدى." (بۇخارى، خۇمۇس، 19، لىباس، 18، ئەدەپ، 68؛ مۇسلىم، زاكات، 128)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغدىكى مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گۈزەل مۇئامىلىسىنىڭ بەرىكىتى ئىدى. ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن ئىپادىلىگەن:

فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا
غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ

«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.» (ئال ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت)

ھەقىقەتەن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىم تەبىئىتى، ئەپۇچانلىقى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئاقكۆڭۈل مىجەزى ئارقىلىق گوياكى شامغا ئوخشاش ئېرىپ، ۋەھشىيلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ ئىنسانىيەت نۇرى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغان. چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ خارلىقىنى ئەمەس، ھىدايەت تېپىشىنى خالايتتى. ئۇ، ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئەمەس، رەھمەت ۋە مەرھەمەتنى تەمسىل قىلاتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: "رەھىم قىلغۇچىلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ. يەر يۈزىدىكىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىڭلاركى، ئەرشتىكىلەرمۇ سىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتسۇن." دېگەن. (تىرمىزىي، بىرر، 1924/16)

بىر بوۋاق يىغلاۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالماسلىقى ئۈچۈن نامىزىنى بۇزۇشقا رۇخسەت بېرىشى، نۇرغۇن كېچىلەردە يىغلاپ تۇرۇپ ئۈممىتىگە دۇئا قىلىشى، پۈتۈن ھاياتىنى ئىنسانلارنىڭ جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن پىدا قىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆيگۈسى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتى ھەر بىر جانلىقنى قايىل قىلغان. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن بەددۇئا قىلىش سورالغىنىدا: "مەن دۇنياغا بەددۇئا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس،

رەھمەت پەيغەمبىرى قىلىپ ئەۋەتىلدىم“ دېگەن. (مۇسلىم، فەزائىل، 126؛ تىرمىزىي، دەئاۋەت، 118)

كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تائىفقا بارغان ۋاقىتتا جاھىل، بۇتپەرەس ۋە نەپسانىيەتچى تائىف خەلقى ئۇنى تاش ئېتىپ قوغلىغانىدى. شۇ ۋاقىتتا تاغلارغا مۇئەككەل بولغان پەرىشتىلەر، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ”شۇ ئىككى تاغنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈش ئارقىلىق بۇ قەۋمنى ھالاك قىلايمۇ؟“ دەپ سورىغىنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇلماي: ”ياق، مەن جانابى ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان بىر نەسىل ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.“ دېگەن. (بۇخارى، بەدئىئۇل خالىق، 7؛ مۇسلىم، جىھاد، 111)

ئۇ ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك ھاقارەتلەر بىلەن يۇرتىدىن تاش ئېتىپ قوغلاپ چىقارغان ۋە ھىجرىيىنىڭ 9-يىلىغا قەدەر ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا كۆپ زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن بۇ تائىفلىكلەر ھەققىدە: ”ئى رەببىم! سەقىف قەبىلىسىنى ھىدايەت قىل! ئۇلارنى بىز تەرەپكە ئەۋەت!“ دەپ دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئاخىرىدا تائىف خەلقى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كەلگەن. (ئىبنى ھىشام، 4، 134، تىرمىزىي، مەناقىب، 3942/73)

ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەھرەيىندە ئەسىر ئالغان كىشىلەر بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەسىر ئايالنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ: ”نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟“ دەپ سورىدى. ئايال: ”شۇ ئادەم ئوغلۇمنى سېتىۋەتتى.“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسەيدكە: ”ئۇنىڭ ئوغلىنى سېتىۋەتتىڭمۇ؟“ دەپ سورىدى. ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ھەئە" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: "كىمگە ساتتىڭ؟" دەپ سورىدى. ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئابباس ئوغۇللىرىغا ساتتىم" بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇسەيدكە: "ئۇلىغىڭغا مىنىپ تېز بار ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىنى قايتۇرۇپ كەل" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئالەمشۇمۇل بىر سۈپەتكە لايىق ئىدى. بىر كۈنى ئۇ: "جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بىر-بىرىڭلارغا مېھرىبان بولمىغان تەقدىردە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر." دېدى. ساھابىلەر: "يا رەسۇلۇللاھ! بىز ھەممىمىز مېھرىبان كىشىلەرمىز" دېگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: "مەن مەقسەت قىلغان مېھرىبانلىق، سىلەرنىڭ چۈشەنچەڭلاردىكى پەقەت بىر-بىرىڭلارغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مېھىر-مۇھەببەتتۇر. شۇنداق، پۈتۈن مەخلۇقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مېھىر-مۇھەببەت!" دەپ قوشۇپ قويدى. (ھاكىم، 4، 7310/185)

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئەپۇچانلىقى

ئاللاھتائالا ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەندە قىلغان خاتالىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشقا كېپىل. ئاللاھتائالا قۇرئاندىمۇ بەندىلىرىنىڭ ئەپۇچان بولۇشىنى تەلەپ قىلغان.

ئەپۇ قىلىنىشىنىڭ شەرتى بولغان يامان ئىشىغا پۇشايمان قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتۇر. ئەپۇچانلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاياتىدا بار. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىگىرىنى سۇغۇرۇپ چايناپ تۈكۈرىۋەتكەن ھىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى ئىمانغا كىرگەنلىك شەرىپى بىلەن ئەپۇ قىلىنغان.

خەببار ئىبنى ئەسۋەد ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەككىدىن مەدىنىگە تۆگىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھىجرەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نەيزىسى بىلەن ئۇرۇپ تۆگىسىدىن يىقىتىۋەتكەن. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھامىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ھامىلىسى چۈشۈپ كەتكەن ۋە ئېغىر يارىلىنىپ قان ئىچىدە قالغان. كېيىنچە بۇ يارا ئۇنىڭ ۋاپات بولۇشىغا سەۋەپ بولغان. خەببار بۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن زالىملىقلارنى قىلغان بولۇپ، ئۇ مەككە پەتھىدىن كېيىن قېچىپ كەتكەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئەسنادا، خەببار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ ئەپۇ قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلىش ۋە قوپال مۇئامىلە قىلىنىشنى چەكلىگەن. (ۋاقىدى، 2، 857ـ858)

ئەبۇ جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرەمە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن ئىدى. ئۇ مەككە پەتھىدىن كېيىن يەمەنگە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايالى مۇسۇلمان بولۇپ ئىكرەمەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكرەمەنى مەمنۇنىيەت بىلەن قارشى ئېلىپ:

"ئەي كۆچمەن ئەسكەر، خوش كەلدىڭ!" دېدى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان زۇلمىنى يۈزىگە سالماستىن ئەپۇ قىلدى. (تىرمىزىي، ئىستىئزان، 2735/34)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھىم! ئۈممىتىمنى ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ!" دەپ دۇئا قىلدى. (ئىبنى ماجە، مەناسىك، 56؛ ئەھمەت، 4، 14)

يەمامەنىڭ رەئىسى سۇمامە ئىبنى ئۇسال مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا، مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن بولغان تىجارىتىنى توختاتقان ئىدى. ھالبۇكى، قۇرەيش ھەرخىل ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ئېھتىياجىنى يەمامەدىن ئېلىپ قامدايتتى. ئاچلىق ۋە قەھەتچىلىك ئىچىدە قالغان مەككىلىكلەر تېڭىرقاش ئىچىدە بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇمامەگە مەكتۇپ يېزىپ مەككىلىكلەر بىلەن بولغان تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى بۇيرىدى. ھالبۇكى، بۇ مۇشرىكلار ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنى ئۈچ يىل ئەتراپىدا ئاچلىق بىلەن قىينىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىمۇ ئەپۇ قىلدى.

تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ 7-يىلىدا خەيبەر پەتھىدىن كېيىن ئاچلىق ۋە قەھەتچىلىككە دۇچار بولغان مەككە خەلقىگە ئالتۇن، ئارپا، خورما ئۇرۇقى ئەۋەتىپ ياردەم قىلدى. ئەبۇ سۇفيان بۇلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ قۇرەيشنىڭ كەمبەغەللىرىگە تارقاتتى ۋە "ئاللاھ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلاندۇرسۇن! چۈنكى ئۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلىق ھەققىنى ئادا قىلدى" دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. (ياقۇبى، 2، 56)

بۇنىڭدەك، بۈيۈك پەزىلەتلەر ئالدىدا كۆڭلى يۇمشىغان مەككە خەلقى بىر مۇددەتتىن كېيىن ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان بولدى.

ھۇدەيبىيەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قوشۇن كەلدى ۋە ھەممىسى قولغا چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىمۇ ئەپۇ قىلىۋەتتى. (مۇسلىم، جىھاد، 132-133)

خەيبەر پەتھە قىلىنغاندىن كېيىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تامىقىغا زەھەر قوشۇۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقتىن بىر قوشۇق يەپلا ئۇنىڭدا زەھەر بارلىقىنى بىلىپ قالدى.

بۇ يەھۇدىي ئايالمۇ تاماقتا زەھەر سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ بۇ ئايالنى ئەپۇ قىلىۋەتتى. (بۇخارى، تىب، 55 ؛ مۇسلىم، سالام، 43)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە سېھىر قىلىپ، كېسەل تارتىشىغا سەۋەب بولغان مۇناپىق يەھۇدىي لەبىد ۋە ئۇنى بۇ ئىشقا ئۈندىگەن كىشىلەرنى ۋەھىي ئارقىلىق بىلدى. لېكىن ئۇ لەبىدنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئويلاپ يۈرمىدى ۋە يۈزىگىمۇ سالمىدى. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىغا قەست قىلغان لەبىد ۋە ئۇنىڭ بەنى زۇرايىق قەبىلىسىدىن ھېچكىمنى جازالىمىدى.

چۈنكى قۇرئان كەرىمدە: «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرىغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن).» دېيىلگەنىدى. (ئەئراف سۈرىسى 199 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆيگۈ بىلەن يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ ئەپۇچانلىقىدىن ئۈلگە ئالالىغان ئارىپ كىشىلەر، ئاللاھنىڭ ئەپۇسىغا نائىل بولۇش ئۈمىدى بىلەن دائىم ئەپۇچانلىق يولىدا ماڭىدۇ. مەنسۇر ھەللاجى تاش-كېسەك قىلىنىۋاتقىنىدا: "ئى رەببىم! مەندىن ئاۋۋال، مېنى تاش-كېسەك قىلغانلارنى ئەپۇ قىلغىن!" دەپ دۇئا قىلغان.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشنا ھەققىگە رىئايە قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنا ھەققىگە رىئايە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەدىس شېرىپتە: "جىبرىئىل ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى شۇنچىلىك كۆپ تەۋسىيە قىلدىكى، قوشنىلارنى بىر-بىرىدىن مىراس ئالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم." دېيىلگەن. (بۇخارى، ئەدەپ، 28، مۇسلىم، بىرر، 140 - 141)

يەنە باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مۇسۇلمان بولمىغان قوشنىنىڭ بىر ھەققى بار. مۇسۇلمان قوشنىنىڭ بولسا ئىككى ھەققى بار، مۇسۇلمان ۋە ئۇرۇق-تۇغقان قوشنىنىڭ ئۈچ ھەققى بار" دېگەن.

قوشنىسىنىڭ دېرىزىسىگە قاراش، تاماقلارنىڭ پۇرىقى بىلەن ئۇلارغا ئەزىيەت قىلىش ۋە ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ھالەتتە مۇئامىلە قىلىش قوشنا ھەققىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: "ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوشنىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، قوشنىسىغا پايدا يەتكۈزگەن كىشىلەردۇر" (تىرمىزىي، بىرر، 28) "قوشنىسى ئاچ تۇرۇپ، ئۆزى توق ئۇخلىغان كىشى كامىل مۆئمىن ئەمەس" (ھاكىم، 2، 2166/15)

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تاماق ئەتكەن ۋاقتىمدا تاماقنىڭ سۈيىنى نورمالدىكىدىن كۆپراق قۇيۇشۇمنى ۋە ئۇنىڭدىن قوشنامغىمۇ بېرىشىمنى بۇيرىدى." دېگەن. (ئىبنى ماجە، ئەتئىمە، 58) ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەمبەغەل ساھابىلەردىن ئىدى. دېمەككى، كەمبەغەللىك قوشنا ھەققىنى ئادا قىلماسلىققا بىر سەۋەپ بولالمايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ!" دېدى. ساھابى كىرام: "كىم ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ يا رەسۇلۇللاھ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قىلىدىغان يامان ئىشى تۈپەيلى قوشنىسىنى خاتىرجەم قىلمايدىغان كىشىلەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ." دېدى. (مۇسلىم، ئىمان، 73)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمبەغەللەرگە بولغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمبەغەل، يېتىم ۋە تۇل ئاياللارغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ۋە يېقىنلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. (بۇخارى، نافاقەت، 1؛ مۇسلىم، زۇھد، 41-42) ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى قامداش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىر توپ پېقىر مۇھاجىر بىلەن ئولتۇرغان ئىدىم. بۇلارنىڭ بىر قىسمى (پۈتۈن بەدىنىنى يۆگەيدىغان بىر كىيىمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) يەنە بىر قىسمىنىڭ سايىسىدىن پايدىلىنىپ يۆگىنىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى، مەلۇم بىر كىشى بىزگە قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. شۇنداق ھالەتتە ئولتۇرساق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى. قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ قۇرئان ئوقۇشتىن توختىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا سالام بېرىپ: "نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟" دەپ سورىدى. بىز:

"ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئۇ كىشى بىزنىڭ ئۇستازىمىز، ئۇ بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتىدۇ، بىز ئاڭلاۋاتىمىز." دېدۇق. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەبىر قىلىشىم بۇيرۇلغان كىشىلەرنى ياراتقان ئاللاھتائالاغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!" دېدى ۋە كەمتەرلىك بىلەن يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ: "ھالقا شەكلىدە مۇنداق ئولتۇرۇڭلار!" دېدى.[9]

9. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن: «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەبىرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ

جامائەت شۇ ھامان ھالقا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىزگە مۇنۇ سۆيۈنچىنى بەردى:

"ئەي يوقسۇل مۇھاجىرلار! سىلەرگە قىيامەت كۈنى نېسىپ بولىدىغان نېمەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىمەن. قىيامەت كۈنى سىلەر جەننەتكە بايلاردىن يېرىم كۈن بۇرۇن كىرىسىلەر. بۇ يېرىم كۈن (دۇنيا كۈنلىرىنىڭ ھېسابىدا) بەش يۈز يىل بولىدۇ." دېدى. (ئەبۇ داۋۇد، ئىلىم، 3666/13)

بىر كۈنى مەدىنىگە قاتتىق كەمبەغەل بىر قەبىلە كەلدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدا بىر نەرسە يوق، ئاچلىق ۋە ئىسسىقتىن تېرىسى سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ قالغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ناھايىتى بىئارام بولۇپ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان ئوقۇتۇپ ساھابىلەرنى توپلىدى. ئاندىن بۇ كەمبەغەل كىشىلەرگە ئىنتايىن كۆپ مىقداردا ياردەم ۋە خەير-ئېھسان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ئازراق بولسىمۇ كۆڭلى ئارام تاپتى. (مۇسلىم، زاكات، 69-70 ئەھمەد، 4، 358، 361)

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھاياتى دۇرۇستلۇق، ساداقەت، شەپقەت، مەرھەمەت، نازاكەت ۋە ئىبرەتلىك ۋەقەلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ دائىم ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا: "ئى ئائىشە! يېرىم خورما بولسىمۇ بەرگىنكى، كەمبەغەللەرنى قۇرۇق قول قايتۇرما. ئى ئائىشە! كەمبەغەللەرنى ياخشى كۆرگىن ۋە ئۇلارنى ئۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇرغىنكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھمۇ سېنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرسۇن." دەپ نەسىھەت قىلغان. (تىرمىزىي، زۇھد، 37/23، 52)

---

(سۆزىگە) ئەگەشمىگىن. (كەھف سۈرىسى 82-ئايەت) ئايىتىنى مەقسەت قىلغان. بۇ ئايەتتە ئاللاھتائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە، ئىسلامغا تۇنجى بولۇپ كىرگەن كەمبەغەل كىشىلەر بىلەن بىرگە بېشىغا كېلىدىغان مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلىشنى ۋە ئۇلارغا گۈزەل مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرىغان.

ئەبباد ئىبنى شۇرەھبىل ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئاچ قالغان ۋاقتىلىرىم ئىدى. بىر كۈنى مەدىنە باغلىرىدىن بىرىگە كىرىپ باشاق تىرىپ يېدىم ۋە بوغچامغا ئازراق سېلىۋالدىم. شۇنداق تۇرۇشۇمغا باغنىڭ ئىگىسى كېلىپ مېنى تۇتىۋالدى. ئۇرۇپ بوغچامنى قولۇمدىن ئېلىۋالدى ۋە مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باغ ئىگىسىگە: ”بىلمەيدىكەن ئۆگەتمىدىڭ، ئاچ ئىكەن تويغازمىدىڭ!“ دېدى ۋە باغ ئىگىسىگە بوغچامنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بىر سا ياكى يېرىم سا ئەتراپىدا يېمەكلىك بەردى.

(ئەبۇ داۋۇد، جىھاد، 85/2620 ـ 2621، نەسائى، قۇدات، 21)

ئىسلامدا ئالدى بىلەن گۇناھنىڭ سەۋەبى سورىلىدۇ، گۇناھكارنىڭ ئاقلىنىشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئىسلام قانۇنىدىكى جازالار، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى جازالاندۇرىشىغا ئوخشايدۇ. مەقسەت ئۇنى ئىجتىمائىي ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى يېڭىدىن جەمئىيەتكە قېتىشتۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىر ۋە خىزمەتچىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرگىمۇ مېھىر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزەتتى، ئۇلارغا گۈزەل مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇيتتى. مۇسئەپ ئىبنى ئۇمەيرنىڭ قېرىندىشى ئەبۇ ئەزىز تۆۋەندىكى ئىبرەتلىك ھېكايىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”بەدىر ئۇرۇشىدا مەنمۇ ئەسىر بولۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئەنسارلاردىن بىر گۇرۇپ كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئەسىرلەرگە گۈزەل مۇئامىلە قىلىڭلار!“ دېدى. مېنى يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن ئەنسارلار، ئۇنىڭ بۇيرىقىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ناننى ماڭا

بەردى ۋە ئۆزلىرى خورما بىلەنلا كۇپايە قىلدى. مەن خىجىل بولۇپ نانىنى ئۇلارنىڭ بىرىگە بەردىم، ئۇمۇ نانغا قولىنى تەككۈزمەستىن ماڭا ئۇزاتتى.» (ھەيسەمى، 5، 86، ئىبنى ھىشام، 2، 288)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتمۈشتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن قۇللۇق سىستېمىنى بىكار قىلىشنى غايە قىلىپ، بۇ يولدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ھەر پۇرسەتتە قۇل ئازاد قىلىشنى تەرغىب قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭ بۈيۈك بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. بىر مۆئمىن مەلۇم بىر ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ كاپارەت بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسا بىرىنچى بولۇپ قۇل ئازاد قىلىشنى تىلغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال-دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمىنى رەسۇلۇللاھنىڭ تەرغىب قىلىشى بىلەن قۇل ئازاد قىلىشقا سەرپ قىلدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىققەتسىزلىكتىن خىزمەتچىسىگە قوپال مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ناھايىتى قايغۇرۇپ: «ئەي ئەبۇ زەر، سەن تېخىچە جاھىلىيەت ئادەتلىرى بىلەن ياشاۋاتامسەن؟» دەپ سورىدى ۋە قوشۇپ: «ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا ئەزىيەت قىلما! ئەگەر سېنىڭ مىجەزىڭگە توغرا كەلمىسە ئۇنى ئازاد قىل، ئۈستىگە ئېغىر يۈكلەرنى يۈكلىمە، ئەگەر يۈكلىسەڭ، ئۇنىڭغا ياردەمچى بول!» دېدى. (بۇخارى، ئىمان، 22، مۇسلىم، ئەيمەن، 38، ئەبۇ داۋۇد، ئەدەپ، 123-124)

بىر كىشى قۇلى بىلەن دېدىكىنى ئۆيلەندۈرۈپ قويۇپ، كېيىن ئۇلارنى ئايرىۋەتمەكچى بولدى. قۇل ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قۇلنىڭ ئىگىسىگە: «ئۆيلىنىش ۋە ئايرىلىپ كېتىش ھەققى ساڭا ئائىت ئەمەس، سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما!» دېدى. (ئىبنى ماجە، تالاق، 31؛ تەبەرانى، كەبىر،91، 300)

ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ساھابىلەر مۇشۇنىڭدەك ئىشلاردا دائىم قۇل ئازاد قىلىشنى تاللايدىغان سەۋىيەگە كەلدى. زامانىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ قۇللۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلدى. ئۇرۇش قانۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەقىقەتلىرىدىن بىرى بولغان قۇللۇق زەنجىرىنى، ئىنسانىنىڭ بويىنىدىن چىقىرىپ تاشلىغان يەنىلا ئىسلام بولدى.

ئىسلام، قۇل ئىگىسىگە دائىم: "يېگىنىڭدىن يېگۈز، ئىچكىنىڭدىن ئىچكۈز، كەيگىنىڭدىن كەيگۈز، ئۇلارغا ئېغىر ئىش بەرمە، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدا!" دەپ تەكىتلىدى. قۇل ئازاد قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر چىقىش يولى ھەمدە سالىھ ئەمەل ئىكەنلىكىنى تەكرارلىدى. ئىسلام قۇللارغا شۇنداق بىر ھەق-ھوقۇق بەرگەن ئىدىكى بۇلارغا رىئايە قىلىنغىنىدا، قۇل سېتىۋالماسلىق قۇل سېتىۋېلىشتىن بەكرەك خەيرلىك ئىش ھالىتىگە كېلىپ قالدى. قۇل ئىگىسى بولۇش بىلەن قۇل بولۇشنىڭ كۆپ پەرقى قالمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى سۆزىمۇ بەك مەنىلىكتۇر: "نامازغا دىققەت قىلىڭلار. قول ئاستىڭلاردىكىلەر ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار." (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەپ، 123 ـ 5156/124؛ ئىبنى ماجە، ۋەسىيەت، 1)

قىسقىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇللۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇللۇق ئىشكىنى ئىمكانقەدەر تاقاپ، قۇللۇقتىن چىقىش ئىشىكلىرىنى ئاخىرغىچە ئېچىۋېتىپ، بۇ ئەھۋالدىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەر پۇرسەتتە تەرغىبات ئېلىپ باردى. سىزنىڭچە قۇللۇق تۈزۈمىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن گۈزەل بىر يول تېپىلارمۇ؟

ئىسلامنىڭ قۇللارنى قانداق ئورۇنغا چىقارغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھەقىقەت يېتەرلىك جاۋابتۇر:

ھەممىمىزگە مەلۇم، بىلال ھەبەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن بىر قۇل ئىدى. لېكىن مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باش مۇئەززىنى بولدى ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن مۇئەززىنلەرنىڭ ئۇستازى دېگەن نام بېرىلدى. شۇنىڭدەك مەدىنىيىتىمىزنىڭ ئابىدىسى بولغان مەسچىتلىرىمىزنىڭ تاملىرىدا ئورۇن ئالغان: "يا ھەزرىتى بىلال ھەبەشى" ھۆسنى خېتى يېزىلغان لەۋھەلەرمۇ بۇنىڭ جانلىق نامايەندىسىدۇر.

ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلغان قۇل زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىن يۈرەكتىن سۆيگەن ئۇ مۇبارەك ساھابە نۇرغۇن پەزىلەتلىك ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن كىچىك ۋاقتىدىلا قوشۇن قوماندانى بولۇپ تەيىنلەندى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىسپانىيەنىڭ پاتىھى تارىق ئىبنى زىيادنىڭ ئۆتمۈشگە قارايدىغان بولساق، ئۇ بوينى كىشەنلىك بىر قۇل ئىدى. لېكىن ئىسلامنىڭ سايىسىدا ئىنسانلىق شەرەپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە لايىق بىر ئورۇنغا يۈكسەلدى ۋە ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولدى.

خۇلاسىلىساق، ئىسلام قۇللارنى خوجايىنلارغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشرىكلار ئىسلامغا قارشى چىقتى. كۈنىمىزدىكى يەنى 21-ئەسىردىكى كاپىرلاردىمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ قاقتى-سوقتى قىلغۇچىلار، نۇرغۇن ھۆر ئىنسانلارنى ئەسىر ۋە قۇل كەبى ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇرلاۋاتامدۇ؟ پەقەت ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن گۇناھسىز ۋە چارىسىز قالغان ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرى، يەنە كېلىپ، ئەركىنلىك نامى بىلەن

قاقتى-سوقتى قىلىنىۋاتامدۇ؟ قارىماققا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق كۆنىمىز ئىنسانلىق دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان رەھىمسىز زامانىۋى قۇللۇق سىستېمىسى ئىلگىرىكى زالىملارنىڭكىدىن پەرىقلىقمۇ؟

ئۇنداق بولسا، قۇللۇق تۈزىمىنى ئالىي پىرىنسىپ ۋە مەسئۇلىياتچانلىق بىلەن نۆل دەرىجىگە چۈشۈرگەن ئىسلامنىڭ، ئىنساننى شەرەپلەندۈرگەن ھۆرمەت ۋە ئىززەت چۈشەنچىسى كۈنىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ رىتسىپى بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە ئىنسانىيەت، ئىسمى ئەركىنلىك، لېكىن ئەمەلىيىتى قۇللۇق بولغان مەنپەئەتپەرەس چۈشەنچىلەرنىڭ قۇربانى بولىدۇ.

دۇنيادىكى ئاجىزلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان ۋە ئۇلارنى قۇللۇققا مەھكۇم قىلغانلارنىڭ رەزىل پىرىنسىپلىرى قاياقتا! ھەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئەسىر ۋە خىزمەتچىلەر ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆزى بىلەن دېسەك: ”ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، يېگىنىڭلارنى يېگۈزۈڭلار، ئىچكىنىڭلاردىن ئىچكۈزۈڭلار!“ دەيدىغان ئىسلامنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى قاياقتا! ئارىدىكى پەرىق مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش بۈگۈنمۇ ئىنسانلارنىڭ بىرلا چىقىش يولى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشتۇر. چۈنكى ئۇ باي-كەمبەغەل، خوجايىن-خىزمەتچى دېگەندەك ھەر خىل تەبىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىنساندەك ياشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ بۇ يولدا تەۋرىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇڭا ساھابىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ”خىزمەتچىمىزنىڭ قۇسۇرلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئەپۇ قىلىشىمىز كېرەك؟“ دەپ

سورىغىنىدا جاۋابەن: ”ئۇنى ھەر كۈنى يەتمىش قېتىم ئەپۇ قىلىڭلار!“ دېگەنىدى. (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەپ، 123 ـ 5164/124؛ تىرمىزى، بىرر، 1949/31)

مەرھەمەت ئابىدىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى تەۋسىيەسى، ئىنسانىنىڭ كۆڭلىنى پاك تۇتۇش جەھەتتە تەسۋىرلىگۈسىز شەپقەت ۋە نازاكەت مىسالىدۇر: ”بىرىڭلارغا خىزمەتچىسى تاماق ئەكەلگەندە، ئۇنى بىرگە يېيىش ئۈچۈن داستىخىنىدا ئولتۇرغۇزمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىسا بىر ئىككى لوقما بولسىمۇ يەيدىغان نەرسە بەرسۇن، چۈنكى ئۇ تاماقنىڭ جاپاسىنى تارتقان.“ (بۇخارى، ئەتئىمە، 55، تىرمىزى، ئەتئىمە، 44)

ئاللاھتائالا خالىسا ئىدى خوجايىننى خىزمەتچى، خىزمەتچىنى خوجايىن قىلالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ قول ئاستىمىزدىكىلەرگە گۈزەل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارغا بولغان مۇئامىلىسى

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىنمايتتى. پاھىشە بولۇپ قالىدۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن قىز پەرزەنتلەر تىرىك ھالەتتە رەھىمسىزلەرچە تۇپراققا كۆمۈلەتتى. يۈرەكلىرى تاشتەك قېتىپ كەتكەن بۇ ئىنسانلار، جاھىلىيەتنىڭ بىر مۇسىبىتىدىن قۇتۇلمىز دەپ ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنۇچلۇق جىنايەت ئىشلەيتتى. ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە نەھىل سۈرىسىنىڭ 17 ـ ئايىتىدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ بىرەسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ غەزەپلىنىپ كېتىدۇ.»

خانىم ـ قىزلار، غورۇرسىزلارچە كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىسى ئورنىدا كۆرۈلۈپ خورلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خانىم ـ قىزلارغا ھەق ـ ھوقۇق بېرىلدى. ئاياللار جەمئىيەتتە ئېپپەت ۋە پەزىلەتنىڭ بىر ئۆرنىكى ۋە ئانىلىق سۈپىتى بىلەن

ھۆرمەتلەندى. رەسۇلۇللاھنىڭ ”جەننەت ئانىلارنىڭ ئاياق ئاستىدا!“ دېگەن ھەدىسىدىكى كۆرسەتمىسگە ئاساسەن ئانىلار ئۆزى لايىق بولغان ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئۆرنەك قىلىپ كۆرستىدىغان مۇنۇ مىسال نېمىدېگەن گۈزەل! بىر ساياھەتتە ئەنجەشە ئىسىملىك بىر خىزمەتكار ناخشا ئېيتقاچ تۆگىلەرنىڭ چېپىشىنى تېزلەشتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئانىلارنىڭ نازۇك بەدەنلىرىگە زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن دېگەن مەقسەتتە: ”ئى ئەنجەشە! دىققەت قىل، ئەينەكلەر سۇنۇپ كەتمىسۇن!“ دېدى. (بۇخارى، ئەدەپ، 95، ئەھمەت، 3، 117)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېدى: ”ئىككى ئاجىزنىڭ يەنى يېتىم بىلەن ئانىلارنىڭ ھەققىگە كىرىشتىن ھەممىڭلارنى ئاگاھلاندۇرىمەن.“ (ئىبنى ماجە، ئەدەپ، 6) ”بىر مۆئمىن ئۆز ئايالىنى ئۆچ كۆرمىسۇن، ئۇنىڭ بىر مىجەزىنى ياقتۇرمىسا، باشقا بىر مىجەزىنى ياقتۇرىشى مۇمكىن.“ (مۇسلىم، رادا، 61)

ئەمەلىيەتتە ئانىلار، ئۆچ كۆرۈلۈشكە لايىق بىر تىكەن ئەمەس، بەلكى سۆيۈلۈشكە لايىق بىر گۈلىستاندۇر. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان سۆيگۈمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

”ماڭا دۇنيادا، ئانىلار بىلەن خۇشپۇراق ياخشى كۆرگۈزۈلدى، ناماز كۆزۈمنىڭ نۇرى قىلىندى.“ (نەسائى، ئىشرەتۇن نىسا، 10، ئەھمەت، 3، 128، 199)

ئىنساننىڭ يېرىمىنى ئورنى بولغان ئانىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆيدۈرۈلىشى غەپلەت باسقان كۆزلەر بىلەن باھالانماسلىقى كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى بۇ سۆيگۈ،

ئاللاھتائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ياراتقان ۋە پەقەت ئىلاھىي سۆيگۈنى مەقسەت قىلغان بىر مۇھەببەت پەلەمپىيىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆيگۈ ئاياللارغا قارىتا تۈۋەن كۆزقاراش ئىدىيەسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى كۆزىدىغان ئىدىيەنى بەرپا قىلىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاياللار بۇنداق يۈكسەك بىر قىممەتكە پەقەت ئىسلامنىڭ سايىسىدىلا نائىل بولغان. ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى ئاياللارغا قىممەت بەرگەنلىكنى داۋا قىلىدىغان پۈتۈن تۈزۈملەر، ئۇنى پەقەت كۆرگەزمە ماتېرىيالى قاتارىدا كۆرۈپ قىممەت بەردى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئاياللارنى پەقەت ئىقتىسادىي ۋە نەپسانىي بىر مال قاتارىدا ئىشلىتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ھېچبىر ئايال بىلەن ئۆز نەپسىنى ئويلاپ ئۆيلەنگەنلىكىنى كۆرەلمەيمىز. ئۇ ياش ۋاقتىدا ھېچ بىر قىزغا ئۆزى ئەلچى بولغان ئەمەس. ۋەھالەنكى ئۇ تۇنجى قېتىم قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان، باللىق ۋە تۇل بىر ئايال بولغان ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھاياتىنىڭ نەۋقىران ۋە ياش ۋاقىتلىرىنى ئۇ خانىم بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆيلىنىش ئىشلىرى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشىنىپ قالغان ۋاقىتلىرىغا توغرا كەلدى. (52 يېشىدىن كېيىن)

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسى بىلەن ئەمەس بەلكى ئالالاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان بولۇپ، ئاياللارغا دىن ئۆگىتىش قاتارلىق نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توي قىلغان ئانىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ياشىنىپ قالغان، باللىرى يېتىم، چارىسىز ئانىلار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ ئاياللىق بولۇش بۇيرىقى ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى ئېغىرلىشىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىشى،

بۇ تويلارنىڭ ئىلاھىي بۇيرۇق ۋە ئىسلامنىڭ ئەتراپقا كەڭ تارقىلىشىغا ياردەمچى بولۇش مەقسىتىدە قىلىنغانلىقىغا روشەن دەلىلدۇر.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئاياللارغا بولغان كۆز قاراش، ئىسلام ۋاستىسى بىلەن ئىنسانىيەت نەزىرىدە قايتىدىن يۈكسەك ئورۇن ئېلىشى ۋە ھەقىقىي ئورنىنى تېپىشى كېرەك. ئەر-ئاياللار يارىتىلغاندىن باشلاپ كۈنىمىزگە قەدەر بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى پارچىدۇر. لېكىن بۇ تاماملىنىشتا ئالاھىدە تەرپىدىن ئايالغا تېخىمۇ ئۆنۈملۈك رول بېرىلگەن بولۇپ، جەمئىيەتنى ھالاك قىلىدىغانمۇ، ئاۋاتلاشتۇرىدىغانمۇ ئايالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا ئەڭ چوڭ غايە جەمئىيەتنى ئاۋاتلاشتۇرغان ئايالنى يېتىشتۈرۈش بولۇپ، ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "بىر كىشى ئۈچ قىز پەرزەنتىنى ياكى ئۈچ قىز بىر تۇققىنىنى ھىمايە قىلىپ، گۈزەل تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ تويىنى قىلسا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا ئۇ كىشى جەننەتلىكتۇر." (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەپ، 120-5147/121؛ تىرمىزىي، بىرر، 1912/13؛ ئەھمەت، 3، 97)

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "بىر كىشى ئىككى قىز پەرزەنتىنى قۇرامىغا يەتكەنگە قەدەر تەربىيلەپ چوڭ قىلسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كىشى بىلەن مۇنداق بىرگە بولىمىز." دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى بىرلەشتۈرگەن. (مۇسلىم، بىررى، 149، تىرمىزىي، بىرر، 1914/13)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالىھا ھالەتتە يېتىشتۈرۈلگەن بىر ئايالنىڭ قەدىر-قىممىتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: "دۇنيا ئۆتكۈنچە بىر نېمەتتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئەڭ كاتتا نېمىتى، دىندار ۋە سالىھا بىر ئايالدۇر." (مۇسلىم، رادا، 64؛ نەسائىي، نىكاھ، 15؛ ئىبنى ماجە، نىكاھ، 5)

رېئاللىقتا نەزەر سالىدىغان بولساق، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا دائىما سالىھا بىر ئايال بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىملىق دەۋىتىدىلا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك ياردەمچىسى بولغان كىشى دەل خەدىچە ئانىمىز بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھېچقاچان ئۇنتالمىغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەر بىر مۇۋەپپەقىيىتىدە ھەزرىتى فاتىمە ئانىمىزنىڭ ياردىمى بار.

شۇ ۋەجىدىن سالىھا بىر ئايال، دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ كاتتا نېمىتىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيرلىك ئىنسان بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنىڭ ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: "مۆئمىنلەرنىڭ ئىمان جەھەتتە مۇكەممەل بولغىنى، ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىدۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا گۈزەل مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر." (تىرمىزىي، رادا، 1162/11)

شۇنداق تۇرۇقلۇق ئايالنى پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى دەپ بىلىش، ئۇنى نەپسانىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنىڭ بىر پارچىسى قاتارىدا كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ پەقەت جىسمانىي گۈزەللىكى بىلەنلا مەشغۇل بولۇش ھەقىقەتەن بىر پەسكەشلىك شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئاياللارغا بەرگەن يۈكسەك قىممىتىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتۇر. كۈنىمىز ئىستىمال دۇنياسىدا ئاياللارنىڭ ئېلان ۋاستىسى بولۇپ ئىشلىتىلىشى، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولۇپ، بۇ ئەخلاقسىزلىق ۋە ۋىجدانسىزلارچە بىر ھەرىكەتتۇر.

ھالبۇكى، ئايال زاتى جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بولۇپ يېتىشتۈرىلىشى، ئۇنىڭ قۇچىقى بۈيۈك پاتىھلارنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك. بىزنى بىر مۇددەت قورسىقىدا، كېيىن قوللىرىدا ۋە ۋاپات بولغانغا قەدەر قەلبىدە كۆتۈرىدىغان ھەقىقىي ئانىلارغا سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت جەھەتتە تەڭ بولالايدىغان باشقا بىر مەخلۇقات يارىتىلمىغان.

ئۆزىنى ئائىلىسىگە پىدا قىلغان ۋاپادار ئانىلار، چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتكە، ھۆرمەتلىنىشكە ۋە ئۆمۈرلۈك تەشەككۈرگە لايىقتۇر.

خۇشپۇراقلا كەلسەك، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياخشى كۆرگۈزۈلىشىنىڭ ھېكمىتى، روھقا ئاتا قىلغان چوڭقۇرلۇق ۋە نازاكەتتۇر. خۇشپۇراق، پەرىشتىلەرنىڭمۇ ياقتۇرىدىغان تاتلىق ۋە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى ھەمراھىدۇر. يەنە كېلىپ پاكىزلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر. چۈنكى پاكىز بولغان كىشى گۈزەل پۇرايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنى دائىم گۈل پۇرىقىدەك خۇشپۇراق پۇراپ تۇراتتى. ئەسلىدە گۈل ئۇنىڭدىن تامچىلىغان مۇبارەك تەرلەردىن مەيدانغا كەلگەنىدى. ئۇ گۈللەرنىڭ شاھى بىر كىچىك بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويسا، ئۇ بالىنىڭ بېشى خېلى ئۇزۇنغىچە ئىپار، ئەنبەر كەبى خۇشپۇراق پۇرايتتى.

نامازغا كەلسەك، ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆزىنىڭ نۇرى قىلىندى. چۈنكى ناماز بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغاندەك ئىخلاس بىلەن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز كۆزنىڭ نۇرىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىملەرگە بولغان مۇئامىلىسى

ئاللاھتائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى "يېتىم" قىلىپ ئەۋەتىشى، يېتىملىكنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىملەرگە ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. قۇرئان كەرىمدىمۇ يېتىملەرنى قوغداش ھەققىدە نۇرغۇن ئايەتلەر بولۇپ، ئاللاھتائالا يېتىملەرگە دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «يېتىمنى خورلىما! (قوپال مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنى ئەزمە!)» (زۇھا سۈرىسى 9-ئايەت)

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئەڭ خەيرلىك ئۆي، يېتىملەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىنىدىغان

ئۆيدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيى ئىچىدىكى ئەڭ ناچار ئۆي، يېتىملەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىنمايدىغان ئۆيدۇر.“ (ئىبنى ماجە، ئەدەپ، 6) ”بىر كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى يېتىملەردىن بىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ يېمەك-ئىچمىكىگە كېپىل بولسا، ئەپۇ قىلىنمايدىغان بىر گۇناھ قىلىپ سالمىغان تەقدىردە ئاللاھتائالا ئۇنى مۇتلەق جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.“ (تىرمىزىي، بىرر، 1917/14) ”بىر كىشى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىسا، قولى تەگكەن ھەر بىر چاچ سانىلىپ ئۇنىڭغا شۇ چاچنىڭ سانىچىلىك ساۋاب يېزىلىدۇ.“ (ئەھمەت، 5، 250)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام جەمئىيەتتىكى يېتىملەرگە كېرەكلىك ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشىنى تەرغىب قىلاتتى. ئۇ بۇ ھەقتە: ”كىمكى ئەتراپىدىكى يېتىم بالىغا، قىز ياكى ئەركەك بولسۇن ياخشى مۇئامىلە قىلسا، بىز ئۇنىڭ بىلەن جەننەتتە مانا مۇنداق ھالەتتە بىرگە بولىمىز“ دەپ، ئىككى بارمىقىنى بىرلەشتۈرگەن. (بۇخارى، ئەدەپ، 24)

ئۇ باغرى تاشلىقىنى شىكايەت قىلىپ كەلگەن بىر ساھابىگە مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: ”ئەگەر قەلبىڭنىڭ يۇمشىشىنى خالىساڭ، كەمبەغەللەرنى تويغۇز، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلا!“ (ئەھمەت، 2، 263، 387)

مېھىر-شەپقەتنىڭ نەمۇنىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېگەن: ”مەن ھەر بىر مۆئمىنگە ئۆزىدىن بەكرەك يېقىنمەن. بىر كىشى ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتتا مال-دۇنيا قالدۇرسا ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئائىتتۇر. ئەمما قەرز ياكى يېتىملەرنى قالدۇرسا، ئۇ قەرز ماڭا ئائىتتۇر. يېتىملەرگە كۆز-قۇلاق بولۇشمۇ مېنىڭ ۋەزىپەمدۇر.“ (مۇسلىم، جۇمئە، 43؛ ئىبنى ماجە، مۇقەددىمە، 7)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋانلارغا بولغان مۇئامىلىسى

رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتى مېھىر-مۇھەببەت ئۇلىستىگە قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ بارچە مەخلۇقاتلارغا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن يېقىنلىشىپ ھەر بىر موھتاجنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايتتى. بۇ چوڭقۇر مۇھەببەت دەرياسىدىن ھايۋانلارمۇ ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار ھايۋانلارغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىپ، ھايۋانلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ گۆشىنى كېسىپ يەيتتى ۋە ھايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇپ مۇسابىقە ئۆتكۈزەتتى. كىشىنىڭ ۋىجدانىنى سەسكەندۈرىدىغان بۇنداق قىلمىشلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوقاتتى.

ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتلاردا، مەدىنە ئەھلى تۆگىنىڭ لوكىسىنى تىرىك ھالەتتە كېسەتتى، قويلارنىڭ پۇتلىرىنى تىرىك ھالەتتە سۇندۇرۇپ يەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلارنى چەكلەپ: "ھايۋاننىڭ تىرىك ھالەتتە ھەرقانداق ئەزاسى كېسىلسە، كېسىلگەن ئۇ ئەزا ئۆلۈكنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ يەنى يېيىش ھارامدۇر." دېگەن. (تىرمىزىي، سەيىد، 1480/12)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، يۈزى داغلانغان بىر ئېشەك كۆردى ۋە كۆڭلى يېرىم بولغان ھالەتتە: "ئېشەكنىڭ يۈزىنى داغلىغانلارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!" دېدى. (بۇخارى، زەبائىھ، 25)

ئۇۋىسىدىن بالىلىرىنى چىقىرىۋېلىپ قۇشنى بىئارام قىلغان كىشىلەرگە: "كىم بۇ بىچارىنىڭ بالىسىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەردى، ئۇنىڭ بالىسىنى تېز قايتۇرۇپ بېرىڭلار" دېدى. (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەپ، 163-5268/164)

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بېرىش ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ مەدىنىدىن چىقتى. ئۇ مەلۇم بىر جايغا كەلگەندە سايىدا ئۇخلاۋاتقان بىر كىيىكنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن بىر كىشىنى كىيىكنىڭ يېنىدا كۆزەتچىلىككە بەلگىلەپ، چۆچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەممەيلەن ئۆتۈپ بولغۇچە ئۇ كىيىكنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. (مۇئەتتا، ھەج، 79؛ نەسائىي، ھەج، 78)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن مەككىگە قاراپ ئىلگىرلەۋاتاتتى. ئەرج دېگەن يەردىن يولغا چىقىپ، تالۇپقا قاراپ كېتىۋاتقاندا يولدا كۈچۈكلىرىنى ئېمىتىۋاتقان بىر ئىتنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ساھابىلەردىن جۇئەيىل ئىبنى سۇراقەنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنى ئىت ۋە كۈچۈكلەرنىڭ ئىسلام قوشۇنى تەرىپىدىن ئۈركۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئىتقا كۆزەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلىدى. (ۋاقىدى، 2-جىلد، 804)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر كۈنى تېرىسى سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن بىر تۆگىنى كۆرۈپ، ئۇ تۆگىنىڭ ئىگىسىگە: "گەپ قىلالمايدىغان بۇ ھايۋانلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورق! ئۇلارغا توق ھالەتتە مىن، توق ھالەتتە ئۆلتۈرۈپ يە!" دېدى. (ئەبۇ داۋۇد، جىھاد، 2548/44)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر كۈنى ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ بېغىغا باردى. ئۇ يەردىكى تۆگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ نالە قىلدى ۋە كۆزلىرىدىن ياشلار ئېقىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىۋىدى تۆگە يىغلاشتىن توختىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باغنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ: "بۇ ھايۋاننى ساڭا مۆلۈك قىلىپ بەرگەن

ئاللاھتىن قورقامسەن؟ ئۇ ماڭا سېنىڭ ئۇنى ئۇرغانلىقىڭدىن، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكىڭدىن شىكايەت قىلدى.» دېدى.

يەنە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يولدا كېتىۋېتىپ بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. بۇ كىشىلەر ھايۋانلار ئۈستىگە مىنىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «ھايۋانلىرىڭلارنىڭ ئۈستىگە مىنگەندە ئۇلارنى ھارغۇزماي چىرايلىق مىنىڭلار. (ئىشلەتمەيدىغان ۋاقىتتا) ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن چىرايلىق چۈشۈپ، ئۇلارنى دەم ئالغۇزۇڭلار. ئۇلارنى كوچىدا پاراڭلاشقان ۋاقتىڭلاردا ئورۇندۇق قىلىۋالماڭلار. (توختىتىپ قويۇپ ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشماڭلار) نۇرغۇن ئۇلاغ-ھايۋانلار باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۈستىگە مىنگۈچىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى، چۈنكى ئۇلار ئالالھتائالانى تېخىمۇ كۆپ زىكىر قىلىدۇ.» (ئەھمەت، 3-جىلد، 438)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قوي بوغۇزلاۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرگەندە، بۇ ئادەم قوينى باغلاپ يەرگە ياتقۇزغاندىن كېيىن پىچاقنى بىلەشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ تاش يۈرەك ۋە رەھىمسىزلىكىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق ئاگاھلاندۇردى: «قوينى بىر قانچە قېتىم بوغۇزلىماقچىمۇسەن؟ پىچىقىڭنى قوينى يەرگە ياتقۇزۇشتىن بۇرۇن بىلىسەڭ بولماسمىدى؟» (ھاكىم، 4-توم، 257، 260)

يەنە بىر ھەدىستە: «سىلەرگە كىمنىڭ جەھەننەمدىن يىراق ۋە جەھەننەمنىڭمۇ ئۇنىڭدىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورىغاندىن كېيىن: «مۇلايىم، مېھرىبان، چىقىشقاق، نازاكەتلىك ۋە ئاقكۆڭۈل كىشىلەردۇر.» دېگەن. (ئەھمەت ئىبنى ھەنبەل، 1-جىلد، 415)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام شەپقەتلىك ۋە شەپقەتسىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلغان: «بىر گۇناھكار ئايال چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ، ھاسىراپ تىلىنى چىقىرىپ،

قۇمنى يالاپ تۇرغان بىر ئىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆتۈكىنى سېلىپ ئىتقا قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ ئىچۈردى. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ بۇ ئايالنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى. يەنە باشقا بىر ئايال مۈشۈكنى يەردىن ھاشارەت تۇتۇپ يېيىشكىمۇ يول قويماي ئاچ قويغان ئىدى ۋە نىھايەت مۈشۈك ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئايال مۈشۈ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن جەھەننەمگە كىردى." (بۇخارى، ئەنبىيا، 54، مۇسلىم؛ سالام، 151ـ154؛ بىرر، 133؛ نەسائى؛ كۇسۇف، 14)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۆلچەملەر بىلەن بىر جاھىلىيەت جەمئىيىتىنى ئەسرى سائادەت جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتتى. بىر چاغلاردا، ھايۋانغىلا ئەمەس بەلكى ئىنسانلارغىمۇ ناچار مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەتتا قىز پەرزەنتلىرىنى تىرىك كۆمىۋېتىدىغان ئىنسانلار ئەمدىلىكتە ھايۋانلارغا قەدەر ھەممە جانلىققا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، مېھرى ـ شەپقەت قولىنى سۇنىدىغان رەھىمدىل ئىنسانلار بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. چۈنكى ئۇلارغا ئەڭ گۈزەل ئۆلگە بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بىر قۇشقاچتىن تارتىپ، ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ ھەققىنى ئۆزى بىۋاستە مەيداندا تۇرۇپ قوغدىدى.

ئۇ زات يىلان ۋە چايانغا ئوخشاش زەھەرلىك ھايۋانلارنىمۇ ئۇزۇن قىينىماستىن بىر ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپ: "كىمكى بىر قېتىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە ئۇنىڭغا يۈز ساۋاپ يېزىلىدۇ. ئىككى قېتىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە ساۋابى ئازلايدۇ. ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە ساۋابى تېخىمۇ ئازلاپ كېتىدۇ." دېگەن. (مۇسلىم، سالام، 147، ئەبۇ داۋۇد، ئەدەپ، 162ـ5263/163) زىيانلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەندىمۇ رەھىمدىل بولۇشنىڭ تەۋسىيە قىلىنىشى تەڭداشسىز بىر شەپقەتنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئىتائەتمەن قۇللىقى سەۋەپلىك ھېچقاچان ماختانمىدى. ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا

بەرگەن نېمەتلىرىنى ساناپ: ”ماختىنىش يوق!“ دەپ كەمتەرلىك ئىچىگە پۈركۈندى. (تىرمىزىي، مەناقىپ، 1؛ ئىبنى ماجە، زۇھد، 37؛ ئەھمەت، 1، 5، 281)

مەغرۇرلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ماختىلىش ۋە تەقدىرلىنىشتۇر. بۇ ئەھۋاللار ئىنساننى تەكەببۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ماختىشىغا نائىل بولغان ئەڭ شەرەپلىك ئىنسان تۇرۇپ يەنىلا ساھابىلىرىگە: ”مېنى ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى دەڭلار!“ دېگەن. (بۇخارى، ئەنبىيا،48؛ ئەھمەت، 1، 23)

ئىنساندا قۇل بولۇش خۇسۇسىيىتى بار. ئىنسان نەرسە-كېرەك ۋە مەنپەئەتلەر ياكى ياراتقان رەببىگە قۇل بولىدۇ. رەببىگە قۇل بولۇش، ئىنساننى نەرسە-كېرەكلەرگە ياكى نەپسىگە قۇل بولۇپ قېلىشتىن قوغدايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، زىت يۆنىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاياتتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ ئەڭ كىچىك بىر قۇسۇر، يېتەرسىزلىك ۋە كەمچىلىك كۆرسەتمىگەن ئىدى. تارىختا بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىككىنچى بىر ئىنساننى تېپىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس.

تارىختا ھاياتىنىڭ مەلۇم نوقتىسىدا ماھارەت ۋە ئەۋزەللىكى بولغان كىشىلەرنى كۆرەلەيمىز. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھاياتى بويىچە بارچە ئەۋزەللىكنىڭ بىرلا كىشىدە توپلانغىنىغا ئۈلگە بولىدىغان يېگانە نەمۇنىدۇر.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇ ھەر جەھەتتىن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىردىنبىر ئۈلگە شەخستۇر. بىر ئۆمۈر:

1. قۇللۇقتا،
2. مۇئامىلىدە،
3. ئەخلاقتا.

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەڭداشسىز ئۈرنەك، پەزىلەت، غەيرەت، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەڭداشسىز گۈزەللىكلەرنى سوۋغا قىلدى. چۈنكى ئۇ ئۈممىتىگە ئۈرنەك بولۇش مەسئۇلىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى لايىقىدا ئۆگەتكەن ئەبەدىي سائادەت رەھبىرى ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ نامازغا بولغان ئىشتىياقى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. كېچىنىڭ ئاز بىر قىسمىدىلا ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ مۇبارەك تەنلىرى كۆپىنچە ۋاقىتتا ياتاق كۆرمەيتتى. ھەممەيلەن كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ سەجدىگە چۆكۈپ يىغلاۋاتقان بولاتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كېسەللى ئېغىرلاشقان ۋاقىتلاردىمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەت قىلىپ، مۇبارەك ھوجرىسىدىن مەسچىتكە چىقىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى شىھىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ نامازغا بولغان ئىشتىياقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ”بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدىم. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتاتتى ۋە يىغلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن قايناۋاتقان قازاننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز چىقىۋاتاتتى.“ (ئەبۇ داۋۇد، ناماز، 156ـ904/157؛ نەسائى، سەھۋ، 18)

رامىزان روزىسىدىن باشقا مۆئمىنلەرگە پەرىز قىلىنغان روزا بولمىغان ھالەتتىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتمىغان ھالەتتە ئۆتكۈزىۋەتكەن ئاي ياكى ھەپتىلىرى يوق دېيەرلىكتۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزىدە دائىم روزا تۇتاتتى. بىز رەسۇلۇللاھ بۇنىڭدىن كېيىن روزىنى تەرك قىلمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتۇق.“ (بۇخارى، سەۋم، 53)

ھەر ئاينىڭ ئون ئۈچ، ئون تۆت ۋە ئون بەشىنچى كۈنلىرىدە، شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن، مۇھەررەم ئېيىدا ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى

قەتئىي تەرك قىلمايتتى. بۇلارغا قوشۇپ يەنە دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە روزىلىرىنىمۇ تۇتاتتى.

زاكات ئايىتىنىڭ نازىل بولىشى بىلەن مۆئمىنلەرگە زاكات بېرىشنى، خەير-ئېھسان قىلىشنى بۇيرىغان ئىدى. لېكىن ئەڭ گۈزەل خەير-ئېھساننى ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ قىلاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلكتىن (ئاللاھ يولىغا) سەرپ قىلىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتىگە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئەمەل قىلاتتى. خەير-ئېھسانغا سەرپ قىلىنغان مال ۋە تەقۋا تىجارەتچىنى مەدھىيەلەيتتى.

# يۇلتۇزلاردىكى ئۆلچەملەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەخسۇس ئۆزىگە تەۋە قىلىپ دۇنيا ماللىرىغا ئائىت بىر نەرسە ساقلىمىغان. قولىدا نېمە بولسا ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان. ساھابىلەردىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە مەدىنە ئەتراپىدىكى تاشلىق بىر كوچىدا مېڭىۋاتاتتۇق. قارشىمىزدا ئۇھۇد تېغى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: "ئەي ئەبۇ زەر!" دېدى. مەن: "خوش يا رەسۇلۇللاھ!" دېدىم. ئۇ: "يېنىمدا شۇ ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇننىڭ بولىشى مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ. قەرزىم بولمىغان ھالەتتە، يېنىمدا بىر دىنار ئارتۇق ساقلانغان ھالەتتە ئۈچ كۈن ئۆتۈشنى خالىمايمەن" دېدى." (مۇسلىم، زاكات، 32؛ بۇخارى، ئىستىقراز، 3)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كۈنلەردە سەۋمى ۋىسال تۇتاتتى. (ئارقىمۇ-ئارقا ئىپتار قىلماستىن روزا تۇتۇش) بەزىدە ئىككى، ئۈچ كۈن بىر نەرسە يېمەيتتى، ئىچمەيتتى. ساھابىلەردىن بەزىسى بۇنى قىلىشقا ئورۇنغاندا: "سىلەر مېنىڭ قىلغىنىمغا تاقەت قىلالمايسىلەر." دېدى ۋە ئۇلارنى بۇ روزىنى تۇتۇشتىن چەكلىدى. (بۇخارى، سەۋم، 48)

بۇ يەردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېگانە ئۆرنەك ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزگە ئوخشاش، ئۇنى ئۆرنەك قىلىشىمىزدىكى بەزى ئۆلچەملەرنى بىلىشىمۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىسى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1. پەقەتلا ئۆزىگە خاس بولغانلار

2. ئومۇمغا خاس بولغانلار

بىز بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭغىلا مەخسۇس بولغان بەزى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇر ئەمەسمىز. بۇنداق ئىش ـ ھەرىكەت بىر پەيغەمبەرگە خاس بولغان ئۆلچەملەردۇر. بىز بۇنداق پائالىيەتلەرگە تاقەت قىلالمايمىز. لېكىن ئىككىنچى تۈردىكى ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە كەلسەك، كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭدىن ئۈرنەك ئېلىپ ئۇنىڭ پارلاق قەدىمىنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىشقا مەجبۇرمىز.

ھېچبىر ئىنسان زاتى ئىنسانلىق ھالىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقامىغا يېتەلمىسىمۇ، قابىلىيەت ۋە كۈچ جەھەتتە ئۇنىڭ ئىزىدىن يۈرگەن ھەر بىر ئىنسان، ئۆزىنىڭ دۇنياسىدا كىچىك بىر "مۇھەممەد" بولالىشى مۇمكىن. مىللىتىمىزنىڭ ۋەتەننى مۇداپىئە قىلىدىغان ئەسكەرلەرگە "مەھمەتچىك" ئىسمىنى بېرىشىمۇ، بۇ نازۇك چۈشەنچىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، زاكات ئىبادىتىنىڭ ئۆلچىمى ماددىي بولغانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك مىقداردىكى مال بىلەن ئۇنىڭدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشنى بىلىمىز. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئېھسان قىلغان باشقا قابىلىيەت ۋە ئىمكانلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئۆلچىمىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاخىرقى نەپەسىمىزگە قەدەر ئاللاھقا قۇللۇق قىلغان ھالەتتە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ياشاشقا مەجبۇرمىز.

بۇ جەھەتتە ئۆز ئەھۋالىمىزنى ئۆلچەپ باقىدىغان ئەڭ ئادىل تارازا دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋىي تەربىيەسىنى ئالغان ئەنسار ۋە مۇھاجىرلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان ئىمان نېمىتىنىڭ ھەققىنى لايىق رەۋىشتە ئادا قىلىش ئۈچۈن شۇ ۋاقىتتىكى ئېھتىياجلارغا كۆرە جۇڭگۇدىن سەمەرقەنتكە قەدەر سەپەر قىلغان. ئىمانى ئۈچۈن قىلغان بۇ خىزمەت ۋە غەيرەتلىرىدە ھېچقاچان ھارغۇنلۇق ۋە ھورۇنلۇق قىلمىغان.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتە قەلبتىكى ئىزچىللىق
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەت بىلەن ئەگىشىش
- رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاق ۋە سۆيگۈسىنىڭ نامايەندىسى: ئەسرى ـ سائادەت
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان يارقىن مەدھىيە
- دۇرۇت ۋە سالام

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتە قەلبتىكى ئىزچىللىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە تەڭداشسىز ئۆرنەك كىشىلىكىدىن قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۈلگە ئېلىپ، ساھابى ـ كىرامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ قەلبىمىزدە يۈكسەك بىر ئىزچىللىق بولۇشى كېرەك. ئەخلاق ھەققىدە نازىل قىلىنغان: «سىلەرگە ــــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» (ئەھزاپ 21 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان «ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەر» دېگەن بۇ ئىبارىلەر، بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆرنەك ئېلىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىبادەتلەر مەلۇم ۋاقىتلاردا قىلىنىدۇ. لېكىن ئىماننى مۇھاپىزەت قىلىش دائىما مۇھىمدۇر. ھەر ۋاقىت ئىماننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ئاللاھتائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ۋاقتىدۇر. بۇ جەھەتتە قەلبىمىزدە بىر كەمچىلىكنىڭ پەيدا بولماسلىقى، نەپسانىي ۋە شەيتانىي ھەۋەسلەرگە باش ئەگمەسلىك ۋە ئاللاھتائالانى قەتئىي ئونتۇماسلىق ئۈچۈن ئۇنى دائىم زىكىر قىلىپ تۇرۇشىمىز شەرتتۇر.

ئاللاھتائالا بىر نەچچە ئايەتتە: «ئەي مۆئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىڭلار» دېمەكتە. لېكىن بۇ ئايەتلەردە مەلۇم بىر مىقدار ياكى سان بېلگىلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن زىكىر قىلىش بۇيرۇقى ھەر ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇڭلاشقا بەندىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھەر قانداق شارائىتتا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەر دائىم ئاللاھتائالانى كۆپ زىكىر قىلىشتۇر. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: «...(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن ئارام تاپىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىققا، گۈزەل قارارگاھقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ،» (رەئد سۈرىسى 27 ـ 28 ـ ئايەت)

ئاللاھنى زىكىر قىلىش، پەقەت ئاللاھ كەلىمىسىنىڭ تىلدا تەكرارلىنىشى بولماستىن بەلكى ئاللاھنى پاكلىق مەنبەسى بولغان قەلبى تۆرىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇ قەلبنى ھۇزۇر ـ خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىشدۇر.

ئىنسان قەلبى ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق ھۇزۇر تېپىپ، ھەر خىل كىبسەللەر ۋە نىجاسەتلەردىن پاكلىنىپ نۇر بىلەن تولىدۇ. سەزگۈرلۈك ۋە ئېھتىياتچانلىق ھاسىل بولۇپ، ئىلاھىي رەھمەت ۋە سىرلارغا تەشنا بولىدۇ. قەلب ئاللاھ ئۈچۈن سوقۇشقا باشلىغاندا، نىيەت ۋە ئەمەللەرمۇ يۈكسەك دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: "ئاللاھنى ياخشى كۆرگەنلىكنىڭ ئالامىتى، ئۇنى كۆپ زىكىر قىلىشتۇر." دېگەن. (سۇيۇتى، 2 ـ 52)

ئىنسانلار ياخشى كۆرگەن كىشىنى قەتئىي ئۇنتۇمايدۇ. ئۇنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ ۋە قەلبىدىن چىقىرىپ تاشلىمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىپ ياشاشنى خالايدىغان قەلبلەر داۋاملىق ئاللاھنى زىكىر قىلىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئاللاھنى زىكىر قىلىپ ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئىنچىكە ھېكمەتلەرنى تەپەككۇر قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» دەيدۇ. (ئال ئىمران سۈرىسى 119 ـ ئايەت)

كائىناتتىكى بۇ ئىنچىكە تەرتىپنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن ھەر قانداق كىشى ئاللاھتائالانى زىكىر قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا سۈرە زۇمەرنىڭ 22ـ ئايىتىدە: «ئاللاھنىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي!» دېگەن. بۇ ئايەتتە زىكىردىن ئۇزاقلاشقان ئىنساننىڭ، ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.

قىسقىچە قىلساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىن لايىقىدا ئۈرنەك ئېلىش ئۈچۈن قەلبنىڭ ئاللاھ مۇھەببىتى بىلەن تولىشى، پانى مۇھەببەتتىن ئۇزاقلاشتۇرۇلۇپ، ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۆنى بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتى ۋە زىكرۇللاھ (يەنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش) بىلەن زىننەتلىنىشى كېرەك.

# پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا مۇھەببەت بىلەن ئەگىشىش

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ ئىزىدا مېڭىش ۋە ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىتائەت قىلىپ تەسلىم بولۇشتۇر. چۈنكى ئۇ شۇنداق بىر شەخستۇركى، ھەر بىر تەرىپى ئىنسانىيەت ئۈچۈن تەڭداشسىز رەھمەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ مۆئمىنلەرگە قارىتا قانچىلىك شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەت ناھايىتى گۈزەل ئىپادىلەيدۇ: «(ئى ئىنسانلار) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.» (تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت)

ئۇنىڭ ئۈممىتىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدىغان ھەدىسلەرنىڭ بىرى: "ئەي ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ سىلەرنى خاتىرجەم قىلسۇن! سىلەرنى قوغدىسۇن! يامانلىقلاردىن ساقلىسۇن! سىلەرگە ياردەم قىلسۇن! سىلەرنى ئىززەتلىك قىلسۇن! سىلەرگە توغرا يول كۆرسەتسۇن! سىلەرنى ئۆزىنىڭ قانات ئاستىغا ئالسۇن! سىلەرنى ھەرتۈرلۈك خېيىم ـ خەتەردىن ساقلىسۇن ۋە دىنىڭلارنى قوغدىسۇن!" دېگەن ھەدىسدۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قوغدىغان، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچى بىر رەھمەت پەيغەمبىرى ئىدى. ھىدايەت يولىدىكى ھەرتۈرلۈك مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقنىڭ ئەڭ ئېغىرى ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئۇ ئۈممىتىنىڭ ھىدايەت ۋە رەھمەتكە

نائىل بولىشى ئۈچۈن شۇنداق بىر غەيرەت ـ شىجائەت ۋە سەبىر ـ تاقەت كۆرسەتكەن ئىدىكى، بەزىدە ئۆزىنى خاراب قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش ئايىتى نازىل بولغان: «ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىمانىدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن» (كەھف سۈرىسى 6 ـ ئايەت)

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن.» ( شۇئەرا سۈرىسى 3 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادا ياشىغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشىنى ۋە ئۆزىنى جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن ساقلىشىنى ئاللاھتىن تىلىشىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتىگە بولغان بۇ چوڭقۇر مۇھەببەت، شەپقەت ۋە مەرھەمىتىگە قارىتا قانچىلىك لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالىغىنىمىزنى تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ ئۆلچىمى، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ھاياتىمىزنىڭ ئۆلگىسى قىلىپ، ئۇنىڭغا قانچىلىك ئىتائەت قىلغىنىمىزدا ئىپادىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچەلىگەن ساھابىلەر ئۇنى قايسى دەرىجىدە تونىدى ۋە ئىتائەت قىلدى؟ ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ھاياتىغا قانداق تەتبىقلىدى؟ ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى قانداق ئۆگەندى؟ ئەجىبا ساھابە ـ كىراملارغا سېلىشتۇرغاندا بىز قايسى دەرىجىدە تۇرىۋاتىمىز؟ بىزمۇ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى ساھابىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەپ، قەلبىمىزنى ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟! گۇناھلىرىمىز، خاتالىقىمىز، كەمچىلىكىمىز ۋە مەئسىيەتىمىزنى ئۇنىڭ زەمزەم مىسالى پاك ئەخلاقى

بىلەن پاكلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك ھاياتىنىڭ مەنا ـ ھېكمىتىنى ئۆز ھاياتىمىزغا ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەنىۋي جەھەتتىن ئويغىنىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ سىرى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە يەنى گۈزەل ئەخلاقىغا ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە پاك قەلبىمىز بىلەن يېقىنلىشىپ، ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرىنى ياخشى كۆرۈپ، يامان كۆرگەنلىرىدىن ئۆزىمىزنى تارتىشتۇر.

چۈنكى ئىلاھىي مۇھەببەت قەلبنى ياشارتىپ، ئىنساننى ساغلام قىلىپ ياخشىلىققا باشلايدۇ. مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ زىددى بولغان نەپرەت، ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا بىر قەلبتە تېپىلمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن قەلب بوشلۇقنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن بىرىنىڭ يوقلۇقى يەنە بىرىنىڭ بارلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ئىككى زىتلىق ئارىسىدىكى پەرق خۇددى جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى ئارىلىقتەك ئۇزاق.

شائىر، ئەدىب كامال كۇركچۈئوغلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتى ۋە سۈننىتىدىن يىراقلاشقان غاپىل مۆئمىنلەرنى مۇنۇ مىسرالىرى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ:

ئىلتىپاتىڭدىن يىراق قېلىشى ئاھ سېنىڭ،
ئىككى دۇنيادا يېتەر غاپىلنىڭ بەختسىزلىكىگە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىدىن يىراق قېلىش غاپىل بىر ئىنساننىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر. رەببىمىز بىزنى ئۇنىڭغا سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت بىلەن باغلانغان لايىق بىر ئۈممەت قىلسۇن! چۈنكى ئۇ تەسۋىرلىگۈسىز بىر مېھىر ـ مۇھەببەت مەنبەسىدۇر. ھەقىقەتەن، ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشقان ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا تاش بىلەن ئەزىيەت قىلىپ

ھاقارەتلىگەنلىكىگە قارىماستىن يەنە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلغان بۇ مۇبارەك پەيغەمبەرگە، زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ: "ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇلار سىزگە شۇ ئېغىر زۇلۇمنى راۋا كۆرىۋاتىدۇ. سىز تېخىچە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتامسىز؟" دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "باشقا نېمە قىلاي دەيسەن؟! مەن ئازاپ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەھمەت ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم." دەپ جاۋاب بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى، بۈيۈك بىر پىداكارلىق، ۋاپادارلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئىكەنلىكىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟

ھەقىقەتەن، ئىنسانىيەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن ئۆزى كۈتىۋاتقان ئەڭ ئۇلۇغ ھىدايەت رەھبىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممىلىگە ئېرىشكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈنىمىزدە نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ياشاشنى داۋاملاشتۇرىۋاتقانلارنىڭ رەسۇلۇللاھ كېلىشتىن بۇرۇن جاھىلىيەتتە ياشىغان ئىنسانلاردىن بەكرەك مەسئۇلىيىتى ئېغىردۇر.

ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى نەپسانى ھاۋايى-ھەۋىسىگە قۇل بولۇپ ياشاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كائىناتنىڭ نۇرى بولغان ئەشۇ ئۈلگىلىك شەخسنىڭ خارەكتېر ۋە شەخسىيىتىگە تېخىمۇ موھتاج بولماقتىمىز! تارىخىمىزنىڭ شانلىق كۈنلىرىدىكى ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى بولغان سالىھ مۆئمىنلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ئۈلگە بولىشىمۇ، ئۇ مۇبارەك پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقىنىڭ بىر نامايەندىسى ئىدى. ھالبۇكى، كۈنىمىزدىكى ئەھۋالىمىزغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئەڭ ئېچىنىشلىق ھەقىقەتنىڭ بىرى شۇكى، بۇنداق نەمۇنىلىك كىشىلەرنىڭ ئازلىقى تۈپەيلى مەنىۋىيەت دۇنيايىمىزدا ياشاۋاتقان كېلىشمەسلىكلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان تارىخىمىزدىكى ئىمان قەھرىمانلىرىنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان قەلبلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە قايتىدىن ئېرىشىش ئۈچۈن يېڭىدىن شۇنداق نەمۇنىلىك ئىنسانلارغا ئىگە بولىشىمىز كېرەك. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ بۇ پانى ئالەمنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى، ئاللاھ ئۇلارغا ئېھسان قىلغان ئەقىل، ئىدراك، جان ۋە مالنى قانداق قوللىنىپ ئۆزىنى ھەمدە ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەت يولىغا قانداق باشلىغانلىقىنى بىلىشىمىز زۆرۈردۇر.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاق ۋە سۆيگۈسىنىڭ نامايەندىسى: ئەسرى-سائادەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى ۋە ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بولغان تەسىرى شۇنداق كۈچلۈك ئىدىكى، تېخى ئالدىدىلا ئىنسانلىقتىن خەۋەرسىز ۋەھشىي بىر جاھىلىيەت جەمئىيىتىنى قىسقىغىنە بىر مۇددەت ئىچىدىلا ھەقىقىي، ئىنسانىي بىر جەمئىيەت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، "ساھابە" نامى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر مەرتىۋىگە ئېرىشتۈردى. ئۇلارنى بىر دىن، بىر بايراق، ئادىل قانۇن ۋە پارلاق مەدەنىيەت ئاستىدا بىرلەشتۈردى.

جاھىل ۋە قاتىل كىشىلەرنى مەدەنىيەتلىك، ۋەھشىي كىشىلەرنى ئاڭلىق، گۇناھكار ۋە پاسىق كىشىلەرنى تەقۋادار قىلدى ۋە ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئاللاھتىن قورقۇش ئارىسىدا ياشايدىغان سالىھ كىشىلەر ھالىتىگە كەلتۈردى.

ئەسىرلەر مابەينىدە خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىنسان يېتىشتۈرەلمىگەن بۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكلىشى بىلەن يۇقىرى سەۋىيەلىك نۇرغۇن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەنە شۇ كىشىلەر يەلكىسىدە كۆتۈرگەن ئىمان ۋە ئىلىم مەشئىلىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئېلىپ باردى. ئەرەب چۆلىگە چۈشكەن بۇ نۇر، مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئۆزىگە سايە قىلىپ ئىنسانلارغا ھەق ۋە ئادالەتنى تەقدىم قىلدى. كائىناتنىڭ يارىتىلىش غايىسى ئەمەلگە ئاشتى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۆرنىكى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا يېتىشكەن ساھابىلەر، بىر مەرتىۋەت

جەمئىيىتى ئىدى. ئۇ دەۋر چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىنىپ، ئاللاھتائالانىڭ ئەلچىسىنى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇيدىغان بىر دەۋر ئىدى. ساھابىلەر خىيال ۋە شۇبھە ئورنىغا تەۋھىدنى قويۇپ، قەلبىدىن نەپسانى مەنپەئەتلەرنى چىقىرىۋېتىشكە نائىل بولدى. مال ۋە جانىنىڭ پەقەت بىر ۋاستە ئىكەنلىكى ئايدىڭلاندى، ئىمانىنىڭ لەززىتى تېتىلدى، سىلە-رەھىم كۆپەيدى، خىزمەت ھاياتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. بۈيۈك پىداكارلىق ۋە ئىسلامىي بىر شەخس مەيدانغا كەلدى. بىر ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن ساھابىلەر بىر ئايلىق يولنى بېسىپ كەلدى ۋە يەنە بىر ئايلىق يولنى بېسىپ قايتتى. ئېتىنى ئالدىغان راۋىنىڭ ھەدىسى قوبۇل قىلىنمىدى.

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمىلەرنى ئالدى؟

بىرىنچى، ئىنكاس (ئەكس ئەتتۈرۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش)

ئىككىنچى، يېقىنلىششنى تەسەۋۋۇر قىلىش (ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئۇنى قەلب بىلەن تونۇش).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ياخشىلىق ۋە ھەققانىيەت پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن، يامانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق بولسا پۈتۈن كۆرۈمسىزلىكى بىلەن ئايدىڭلاشتى.

ساھابىلەردە ئاللاھ، كائىنات ۋە شەيئىلەر ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىلەر پەيدا بولدى. قۇياشنىڭ كىچىككىنە بىر ئەينەككە نۇر چاچقىنىغا ئوخشاش، ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ئۇلارنىڭ غايىسى بولدى.

مەدىنىدە قۇرۇلغان ۋە تەخمىنەن 400 ئائىلىدىن تەركىب تاپقان كىچىككىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگراسى ئىراق ۋە پەلەستىنگە قەدەر كېڭەيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ئەسناسىدا رۇم ۋە ئىران بىلەن ئۇرۇش قىلىنىۋاتاتتى. لېكىن ساھابىلەرنىڭ ئون يىل

بۇرۇنقى هالىتى، ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇشى ۋە ئۆيلىرى ئۆزگەرمىدى. ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن ياشاشنى داۋاملاشتۇردى. ساھابىلەر ئىسراپچىلىق، ئاچكۆزلۈك، مەنمەنچىلىككە ئوخشاش ئىللەتلەردىن خالىي ئىدى. ئۇلار دائىم: "بۇ جانىمىز ئەتىكى ئورنى قەبرە بولىدۇ" دېگەن ئاڭدا ياشىدى. شۇڭا ئۇلار دۇنيا نېمەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىشتىن قاچتى. ئۇلار ئىمانىنىڭ لەززىتى ۋە ھاياجىنى بىلەن بۇ نېمەتلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايىتى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن بىر ۋاستە ئورنىدا ئىشلەتتى. ھاياتىنى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ شەكىللەندۈردى.

ئىسلامنىڭ مەزلۇم، ئېزىلگەن ۋە قاقتى-سوقتى قىلىنغان ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا تېز ھەم روشەن تارقىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرىدىن بىرى، ساھابىلەرنىڭ قەيەرگە بارسا شۇ يەردە ئىسلامنى مۇكەممەل شەكىلدە نامايەن قىلغانلىقى بولدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولغان ساھابىلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ھەقىقەتنىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن قارايدىغان، باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىدىغان، دۇرۇس، ئادىل، ئاقكۆڭۈل، قەلبى ۋەھىينىڭ نۇرلىرى بىلەن نۇرلانغان ئالاھىدە مۆئمىن كىشىلەر ئىدى.

ئۇلار دوستلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنىغا ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنى قويىدى. شۇنداق قىلىپ ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر قەۋم، مەدەنىيەتتە يۇقىرى پەللىگە چىقتى. پۈتۈن قەلبلەر: "ئاللاھ بىزدىن قانداق رازى بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىزنى قايسى ھالەتتە كۆرۈشنى خالايدۇ؟" دېگەن ئوي-پىكىر ئىچىدە بولدى. ئۇ ئىنسانلار بىلەن يۈكسەك دەۋرلەر شەكىللەندى، ئىنسانىيەتكە بىر ئەسرى-سائادەت ئىكرام قىلىندى.

ئۇلار نەپسى ئەممارىنىڭ (يامان يولغا باشلايدىغان نەپس) شەررىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز نەپسىنى كونترول قىلالايدىغان بىر مۆئمىن ھالىتىگە كەلدى. ۋەھشىي ۋە بەدەۋىي ئىنسانلار پەرىشتە كەبى بولدى.

ئىسلام قانۇنى مېتودولوگىيەسىنىڭ مۇھىم شەخسلىرىدىن بىرى بولغان كارافى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق بىر مۆجىزىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يېتىشتۈرگەن ساھابىلەر ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولۇشقا يېتەرلىكتۇر" دېگەن.

ئۇلار قۇرئاندىن ئىبارەت بىر مۆجىزىنىڭ جانلىق نامايەندىسى بولۇپ، پاراسەتلىك، قەيسەرلىك ۋە ئىنسانىي ئالاھىدىلىكلەرنى مىسال قىلىشتا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىنسانلارنىڭ پەزىلەت نەمۇنىسى بولدى.

ئۇ دەۋردە مۆئمىنلەرنى مۇكەممەل قىلىدىغان ئەقىل ۋە قەلب فونكسىيەلىرى ناھايىتى ئېنىق بىر شەكىلدە قوللىنىلدى. مۆئمىنلەردە ھاياجان ۋە مۇھەببەت روشەن بىر شەكىلدە مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن تەپەككۇر چوڭقۇرلارشتى. ئىنسانلار بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچە بىر ئىمتىھان دۇنياسى ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتتى. قەلبلەر ئىلاھىي قۇدرەتكە ئاشىق بولدى. ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭگو ۋە سەمەرقەنتكە، كېيىنكى ئەۋلاتلار بولسا ئەندۇلۇسقا (ھازىرقى ئىسپانىيە) قەدەر سەپەر قىلدى. ئۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتى "ھەقىقىي بىلىمدارلار"دىن بولۇپ قالدى. كېچىلەر كۈندۈزگە، قىشلار باھارغا ئايلاندى. تەپەككۇر چوڭقۇرلاشتى. ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ بىر تامچە سۇدىن، قۇشنىڭ ئاددىي بىر تۇخۇمدىن، دەرەخلەر ۋە مېۋىلەرنىڭ يوق دېيەرلىك كىچىككىنە بىر ئۇرۇقتىن مەيدانغا كېلىشى ۋە

شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى. ھەقىقەتتىكى چوڭقۇرلۇق يۈكسەلدى.

ساھابىلەر ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئەڭ مەنىلىك ۋاقىتلىرى، ئىنسانلارغا تەۋھىدنى يەتكۈزەلىگەن ۋاقىتلار بولدى. ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ھالەتتە ئۆزىگە ئۈچ مىنۇت ۋاقىت بېرىشنى تەلەپ قىلغان ساھابە تەپەككۇر قىلدى ۋە: "دېمەككى، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈچ مىنۇت ۋاقتىم بار" دېدى.

خۇلاسە، ساھابىلەر قۇرئان بىلەن بىرگە قۇرئان ئۈچۈن ياشاپ ھاياتىنى قۇرئانغا ئاتىدى. ئۇلار تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان غەيرەت-شىجائەت كۆرسەتتى. قىيىن-قىستاق ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىدى. لېكىن ئىشەنگەن دىنىدىن ئەسلا يانمىدى. ئاللاھنىڭ ۋەھيي قىلغان ئايەتلىرىنى ھاياتىغا تەتبىقلاش ئۈچۈن مال-مۈلكىنى، يۇرتىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلدى ۋە بۇ يولدا ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچىشنى بىلدى.

ھەر بىر ئايەتكە لايىقىدا ئەمەل قىلىشقا تىرىشتى. ئۇلار ئەڭ خەتەرلىك ۋاقىتلاردىمۇ قۇرئاندىن ئايرىلمىدى. بىر سەپەر جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن كۆزەتچى قىلىپ بېكىتكەن ئابباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى، ئۈچ قېتىم ئوق يېگەندىن كېيىن ئەھۋالنى قېرىندىشى ھەزرىتى ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەۋەر قىلدى. ئەممار: "تۇنجى ئوق تەگكەندە نېمىشقا خەۋەر بەرمىدىڭ؟" دەپ سورىغىنىدا ئۇ: "بىر سۈرە ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇنى تۈگەتمەي تۇرۇپ نامازنى بۇزۇشنى خالىمىدىم. ئەمما ئوقلار ئارقىمۇ-ئارقا كېلىۋەردى، مەن ئوقۇشنى توختىتىپ رۇكۇغا باردىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپە بۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى يوقىتىپ قويۇش ئەندىشىسى بولمىغان بولسا ئىدى، سۈرىنى يېرىم ھالەتتە قالدۇرۇپ نامازنى بۇزغاندىن كۆرە ئۆلۈمنى راۋا كۆرەتتىم."

دەپ جاۋاب بەردى. (ئەبۇ داۋۇد، تاھارەت، 198/78؛ ئەھمەت، 3، 344؛ ئىبنى ھىشام، 3، 219؛ ۋاقىدى، 1، 397)

ساھابىلەر قۇرئاننى قانۇن قىلىپ ھايات كەچۈردى. دىنىنىڭ ھەر بىر بۇيرۇقى ئۇلار ئۈچۈن تەسۋىرلىگۈسىز بىر لەززەت بولدى. نازىل بولغان ھەر بىر ئايەت، ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن نازۇ-نېمەتلىك داستىخانغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن غەيرىتى قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش، ھاياتىغا تەتبىقلاش ۋە گۈزەل نەمۇنە بولۇش ئىدى.

نىكاھتا بىر ئايال ساھابىنىڭ، مەھىر ھەققىگە يولدىشىنىڭ ئۆزىگە قۇرئاندىن بىلگەن يەرلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ شۇنىڭغا رازى بولىشى، ئۇلارنىڭ ئىمانغا بولغان ساداقىتىنى كۆرستىدىغان مۇكەممەل بىر ئۆرنەكتۇر.

ئۇ ساھابىلەر كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى، تاڭ ئاتقاندا زىكىر-تەسبىھ ئېيتىشنى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئىسسىق ياتىقىدىن ئەلا كۆرەتتى. ھەتتا كېچە قاراڭغۇلىقىدا ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىدىن ئۆتىۋاتقانلار، ھەرىنىڭ غۇڭشىغان ئاۋازىغا ئوخشاش ئوقۇلىۋاتقان زىكىر ۋە قۇرئان ئاۋازىنى ئاڭلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەڭ قىيىن ۋاقىتلاردىمۇ قۇرئاندىن تەلىم بېرىشنى توختىتىپ قويمىغان.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەبۇ تەلھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابى سۇپپىغا (مەسچىتتە يېتىپ قوپۇپ ئىلىم ئۆگىنىدىغان ساھابىلەر) قۇرئان ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچلىقتىن بۈكۈلۈپ كەتكەن بېلىگە تاش تېڭىۋالغان ئىدى. (ئەبۇ نۇئەيم، ھىليە، 1، 342)

ئۇلارنىڭ مەشغۇلىيتى ئاللاھنىڭ كىتابىنى چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىش، ئارزۇ ـ ئىستىكى بولسا قۇرئاننى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇش ۋە ئۇنى ئاڭلاش ئىدى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلىم ئالدى. ئاخىرىدا مەدىنە مۇنەۋۋەر قارىيلار ۋە ئالىملار بىلەن توشتى.

ئەسرى سائادەت مانا شۇنداق بىر دەۋىر ئىدى. ئەجىبا دۇنيادىكى پۈتۈن پىسخولوگلار، جەمئىيەتشۇناسلار، پېداگوگلار، ئىجتىمائىي پەنچىلەر، ئىنسانشۇناسلار، ئېنژىنىرلار، پەيلاسوپلار ۋە شۇلارغا ئوخشاش كىشىلەر بىر يەرگە توپلانسا ئۇلۇغ ئارزۇلارغا تولغان ئەسرى سائادەت جەمئىيىتىگە يېتەلەيدىغان كىچىك بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقالامدۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟! فارابىنىڭ "پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى" ناملىق كىتابىدىكى خىيالىدا قۇرغان جەمئىيەتمۇ پەقەت پەرۋانىنىڭ ئېغىزىدىكى يەم بولۇپ قالدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان يارقىن مەدھىيە

ئىنساننى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت دەرياسىغا ئېلىپ بارىدىغان بىردىنبىر رەھىم-شەپقەت بولىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئوخشاشتۇر. ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.» (ئال ئىمران سۈرىسى 31 ـ ئايەت)

كەلىمە تەۋھىدتە «لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ» تىن كېيىن «مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ» جۈملىسى كېلىدۇ. ھەربىر كەلىمە تەۋھىد ۋە ھەر بىر دۇرۇت-سالام، ھەقىقەتكە بولغان مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭغا بولغان يېقىنلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەختلىك ھايات ۋە پۈتۈن مەنىۋى پەتىھلەر، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىز بىلەن بەرپا بولىدۇ. دۇنيا ئىلاھىي مۇھەببەتنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر. بۇ مۇھەببەتنىڭ نامايەندىسىنىڭ جەۋھىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نۇرىدۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببەتتۇر.

ئىبادەتتىكى خۇشۇئ، مۇئامىلىدىكى سەممىيلىك، ئەخلاقتىكى گۈزەللىك، كۆڭۈلدىكى لاتاپەت، چىرايدىكى نۇر، تىللاردىكى شىرىنلىك، ھېس-تۇيغۇلاردىكى نازاكەت مۇنداقچە ئېيتقاندا پۈتۈن

گۈزەللىكلەر، ئۇ مەۋجۇدات نۇرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىدىن قەلبلەرگە ئەكس ئەتكەن بىر شولىدۇر. ھەزرىتى مەۋلانا: "كەلگىن ئەي كۆڭۈل! ھەقىقىي بايرام رەسۇلۇللاھقا يېتىشتۇر. چۈنكى دۇنيانىڭ ئايدىڭلىقى، ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ جامالىنىڭ نۇرىدىندۇر" دەپ ناھايىتى گۈزەل تەسۋىرلىگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋەسىلىسىدۇر. يەنى بىر مۆئمىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئىبادەت ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە تەتبىقلىمىغۇچە ئۆزى كۆزلىگەن كامىل بىر ئىنسان ھالىتىگە يېتەلمەيدۇ، ھەق دىنىنىڭ بېرىدىغان ھەقىقىي بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھتائالا ئىسلام مەقسەت قىلغان (كامىل ئىنسان) سۈپىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدە مۇجەسسەملەپ، ئۇنى پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت ۋە پۈتۈن مۆئمىنلەرگە ئۆرنەك قىلىپ ئەۋەتكەن.

ئۇنداقتا ئاللاھتائالانىڭ بەندىلەرنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن شەرت قىلغان بۇ مۇھىم ئىتائەت، قانداق ئىتائەت؟

شۈبھىسىزكى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىن قەلبىمىزدىن ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. چۈنكى بىز ئۈچۈن بىردىنبىر "ئۇسۋەئى ھەسەنە" يەنى (ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك) بىزگە ئۆرنەك بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ھەققىدە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.» (ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەت)

«ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار.» (مۇھەممەد سۈرىسى 33 ـ ئايەت)

«كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى پۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار» (نىسا سۈرىسى 69 ـ ئايەت)

❀

ئاللاھتائالا نازىل قىلغان ئىلاھىي پەرمان ۋە تەلىماتنامە بولغان قۇرئان كەرىم، ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىن نامايەن بولغان. شۈبھىسىزكى، قۇرئاننىڭ سىرلىرى قەلبنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلب دۇنياسىغا ئېرىشىشى بىلەن بىلىنىدۇ. ئەگەر بىزمۇ ساھابىلارغا ئوخشاش ئۇ قەلب دۇنياسىغا كىرىش بىلەن شەرەپ ھېس قىلالىساق ھەمدە ئىلاھىي گۈزەللىك، ياخشىلىق ـ يامانلىق، ئىلىم ۋە ھېكمەتنىڭ نامايەندىسىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولالىساق، قىسقىچە قىلغاندا ئىلاھىي كالامنى ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى ئىزاھى بىلەن ئوقۇيالىساق ئاندىن قەلبىمىز ئۇ سائادەت دەۋرىدىكى پەيغەمبەر ئاشىقلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولىمىز. ھەتتا ھەر بىر سۆزى ۋە ھەر بىر بۇيرۇق ـ ئىشارىتىگە: "ئاتا ـ ئانام، مېلىم ۋە جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن يا رەسۇلۇللاھ!" دېيەلەيدىغان ئاشىقلىق ۋە تەسلىمىيەتكە نائىل بولالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىقى ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر مۇھەببەت قاينىمىدۇر. ئالىملار بىلىدۇكى، كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇق سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەتتۇر. پۈتۈن كائىنات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغانغان. چۈنكى ئۇ

شۇنداق بىر زاتتۇركى، ئاللاھتائالا ئۇنى (ھەبىبىم) يەنى دوستۇم دېگەن.

مۆئمىنلەر نېمىدېگەن بەختلىككى، ئۇلار ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇھەببەت قىلىدۇ شۇنداقلا بۇ مۇھەببەتنى پۈتۈن مۇھەببەتلەردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ!

ھەقىقەت ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىنلىشىش، ئەقىلدىن زىيادە مۇھەببەت بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ بۇ ئالەمگە شەرەپ بەرگەن رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا ئاسمانلارنىڭ ئىشىكلىرى، مۆئمىنلەرگە رەھمەت ۋە مەرھەمەت بولۇپ ئېچىلغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ سۈت ئانىلىرىدىن بىرى تەلەيلىك ئايال سۇۋەيبە خانىمدۇر. بۇ خانىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمىنى بولغان ئەبۇ لەھەبنىڭ دېدىكى ئىدى. سۇۋەيبە خانىم ئەبۇ لەھەبكە ئۇنىڭ جىيەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەنلىكى ۋە قەبىلىسىنىڭ ئۆزىدىن نارازى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ دېدەكنى ئازاد قىلدى. (ھالەبى، 1، 138) بۇ تۇغقاندارچىلىقتىن كېلىپ چىققان خۇشاللىقمۇ ئەبۇ لەھەبنىڭ دۈشەنبە كۈنلىرى دوۋزاختىكى ئازابىنىڭ يېنىكلىشىگە سەۋەب بولدى. ئاببەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىر قورساق قېرىندىشىم ئەبۇ لەھەبنى ئۆلۈپ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇ ناھايىتى ناچار بىر ئەھۋالدا ئىدى: "ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىندى؟" دەپ سورىدىم. ئەبۇ لەھەپ: "مۇھەممەدنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا خۇشال بولۇپ سۇۋەيبەنى ئازاد قىلغانلىقىم ئۈچۈن دۈشەنبە كۈنلىرى ئازابىم ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەيدۇ. ئۇ كۈنى باش بارمىقىم بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىمنىڭ

ئۇتتۇرىدىكى كىچىك بىر تۆشۈكتىن چىققان سۇ بىلەن راھەتلىنىمەن“ دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى جەزەرى مۇنداق دەيدۇ: ”ئەبۇ لەھەبكە ئوخشاش بىر پەيغەمبەر دۈشمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈنى پەقەت تۇغقاندارچىلىق تۈپەيلىدىن خۇشال بولغانلىقى ئۈچۈن جەھەننەمدىكى ئازابى يېنىكلىگەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كېچىسىگە ھۆرمەت قىلىپ كائىناتنىڭ نۇرى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغۇلغانلىق شەرىپىگە قەلبى ۋە داستىخىنىنى ئاچقان بىر مۆئمىنىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قانداق نېمەتلەرگە نائىل بولىدىغانلىقىنى بىر ئويلاپ بېقىش كېرەك! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ئېيىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار شۇلاركى، مەنىۋى سۆھبەتلەرنى كۆپەيتىپ قەلبىمىزنى پاكلاش، مۇبارەك ئاينىڭ مەنىۋىيىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن مۆئمىنلەرگە زىياپەت بېرىش، كەمبەغەل، يېتىم، غېرىپ-مىسكىن ۋە چارىسىز قالغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەمكىن قەلبىنى خۇرسەن قىلىش، ئۇلارغا سەدىقە بېرىش ئارقىلىق سۆيۈندۈرۈش ۋە قۇرئان ئۆگىتىشتۇر.“

## ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر تەرىپىدىن شۇنداق سۆيۈلگەن ئىدىكى، بۇ سۆيگىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بىر سۆيگۈ پەقەت ئىلاھىي بىر مۇھەببەت بىلەنلا پەيدا بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئەھۋالدۇر. ساھابىلەر ئۇنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئاسمانغا باغلانغاندەك باغلانغان ئىدى. ساھابىلەر ئۆزئارا: ”رەسۇلۇللاھ بۇنداق قىلغان ئىدى“ دەپ ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياشايتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ماڭغان يوللىرىدا مېڭىپ، ئۇ يۈرگەن گۈلنى يۈراپ، ئۇ تۇرغان يەردە تۇراتتى.

ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ مىسالى سان ـ ساناقسىزدۇر. بۇلاردىن بىر قانچىسىنى ئېيتىپ ئۆتىدىغان بولساق، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سىماسىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

وَلَوْ سَمِعَ أَهْلُ مِصْرَ أَوْصَافَ خَدِّهِ

لَمَا بَذَلُوا فِي سَوْمِ يُوسُفَ مِنْ نَقْدٍ

لَوَائِمُ زُلَيْخَا لَوْ رَأَيْنَ جَبِينَهُ

لَآثَرْنَ بِالْقَطْعِ الْقُلُوبَ عَلَى الْأَيْدِ

"مىسىر خەلقى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ چىرايىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ سەرپ قىلمايتتى. زۇلەيخانى ئەيىپلىگەن ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نۇر كەبى پارلاق چېھرىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، قوللىرىنىڭ ئورنىغا قەلبلىرىنى كېسىشكەن بولاتتى."

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كەلىمە شاھادەتتە ئېيادىلىگىنىمىزگە ئوخشاش ئەلۋەتتە بىر ئىنسان ۋە ئاللاھنىڭ قۇلىدۇر. لېكىن پەيغەمبەرلىك ئېتىبارى بىلەن "شاھى رەسۇل" يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ شاھىدۇر. بۇ نازۇك ۋە سىر ئالەمنى كۆرگەن ئەزىز مەھمۇت ھۇدايى ھەزرەتلىرى كۆڭۈل ھەسرىتىنى مۇنداق مىسرالاشتۇرغان!

بۇ ئالەم ئەينەكتۇر، ھەر نەرسە ھەق بىلەن قائىم،

مۇھەممەد ئەينىكى ئاللاھنى ئەسلىتىدۇ دائىم.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يارىتىلىشتىكى مەجازى مۇھەببەتلەرنى تولۇقلاپ ئۇلۇغلاشتۇرىدىغان ئىلاھىي بىر مۇھەببەتنىڭ تەجەللىي مەركىزىدۇر. شۈبهىسىزكى، مۆئمىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ

ئالدىدا ئىلاھىي ھېس-تۇيغۇسىنى سېزىپ، روھىنى نەپسانىي ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن تازىلىغان ۋاقىت ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئورتاقلاشقان ۋاقىتتۇر. ھەزرىتى مەۋلانا: "ئىككى دۇنيا بىر كۆڭۈل ئۈچۈن يارىتىلغان! دېگەن سۆزنىڭ مەناسىنى ئويلانغىن!" دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت، ئىنساننى ئىككى دۇنيادا ئەزىز قىلىدىغان ئۇلۇغ بىر مۇھەببەتتۇر. چۈنكى ساھابىلەرمۇ بۇ مۇھەببەتنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەنى كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئۈستۈن دەرىجىلەرگە نائىل بولغان. ساھابىلەرنىڭ بۇ تەڭداشسىز سۆيگۈسىگە يەنە بىر مىسال شۇكى، ھىجرەت ئەسناسىدا سەۋر غارىغا قاراپ مېڭىۋاتقاندا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردەم ئالدىدا، بىردەم كەينىدە ماڭغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سېزىپ قېلىپ: "ئى ئەبۇ بەكرى، نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟" دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "يا رەسۇلۇللاھ! مۇشرىكلارنىڭ ئارقىمىزدىن كېلىپ يېتىشىۋالىدىغىنىنى ئويلاپ ئارقىڭىزدىن مېڭىۋاتىمەن، ئالدىمىزدا بىر قىلتاق قۇرۇپ قالغان بولسا دەپ ئويلاپ ئالدىڭىزدىن مېڭىۋاتىمەن!" دېدى. ئۇلار ئاخىرى سەۋر غارىغا يېتىپ كەلدى. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "يا رەسۇلۇللاھ! مەن غارنى تازىلاپ بولغۇچە، سىز بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ!" دېدى ۋە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. غارنى تازىلىدى. قولى بىلەن سىلاپ، غاردىكى ھەر بىر تۆشۈككە كىيىمنى يىرتىپ ئۇ تۆشۈكنى ئەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۈستى كىيىمىنىڭ ھەممىنى تۆشۈكلەرنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلەتتى. پەقەت بىر تۆشۈك قالغاندا كىيىمىنىڭ پارچىسى يەتمىدى. ئۇ يەرگە پۇتىنىڭ بارمىقىنى قويغاندىن كېيىن: "ئەمدى كىرسىڭىز بولىدۇ يا رەسۇلۇللاھ!" دېدى. تاڭ ئاتقاندا بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: "ئەي ئەبۇ بەكرى كىيىملىك قەيەردە؟!" دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى ئاخشامقى ئەھۋاللارنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. بۇ پىداكارلىقتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى كۆتۈرۈپ ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن دۇئا قىلدى."

ئۇھۇد كۈنى ئىككى ئوغلى، يولدىشى ۋە قېرىندىشىنىڭ شېھىد بولۇپ كەتكەن خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئايالنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى نەقەدەر ئىبرەتلىك! ئۇھۇد كۈنى مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى دېگەن خەۋەر تارقىلىپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەدىنىدە پەرياتلار كۆتۈرۈلۈپ، شەھەرنى يىغا ـ زار قاپلىدى. ھەممەيلەن يوللارغا چىقىپ قايتىپ كېلىۋاتقانلاردىن بىر ـ بىرلەپ خەۋەر ئېلىشقا تىرىشتى. ئەنسارلاردىن بولغان سۇمەيرا رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئىككى ئوغلى، دادىسى، يولدىشى ۋە قېرىندىشىنىڭ شېھىد بولغانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلدى. بۇ مۇبارەك ئايال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھېچ پەرۋا قىلماستىن، ئۆزىنى ھەقىقىي قايغۇغا سالغان خەۋەرنى يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ: "ئۇنىڭغا بىر ئىش بولدىمۇ؟" دەپلا تۇردى. ساھابىلەر جاۋابەن: "ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشى، ئۇ سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ھاياتتا!" دېدى. سۇمەيرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا: "ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ قەلبىم تەسكىن تاپمايدۇ، ماڭا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى كۆرسىتىڭلار." دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگىنىدە دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ بىر ئۇچچىنى تۇتتى ۋە: "ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن يا رەسۇلۇللاھ! سېنى بۇ ھالەتتە كۆردۈم، ئەمدى ھېچ نەرسىدىن ئەندىشە قىلمايمەن!" دېدى. (ۋاقىدى، 1، 292، ھەيسەمى، 5، 115)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئادەم كېلىپ: "يا رەسۇلۇللاھ!

قىيامەت قاچان؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قىيامەت ئۈچۈن نىمە تەييار قىلدىڭ؟" دەپ سورىغاندا ئۇ ئادەم: "ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنىڭ مۇھەببىتىنى" دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنداق بولسا قىيامەت كۈنى سەن ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن بىرگە بولىسەن." دىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ رىۋايەتنىڭ داۋامىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: "ئىسلامغا كىرىشتىن باشقا ھېچقانداق بىرنەرسە بىزنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ "شۈبھىسىزكى، سەن ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن بىرگە بولىسەن." دېگەن سۆزى قەدەر سۆيۈندۈرمەيدۇ. مانا مەنمۇ ئاللاھنى، ئۇنىڭ ئەلچىسىنى، ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەرنى ياخشى كۆرىمەن ۋە مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى قىلىپ بولالمىساممۇ لېكىن ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن." (مۇسلىم، بىرر، 163)

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خوشخەۋىرىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ھەر بىر مۆئمىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ساھابىلەرنىڭ ئەھۋالى قايغۇدىن ئېرىپ تۆكىگەن شاملارغا ئوخشايتتى. ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىراقى بىلەن كۆڭۈللەر ھەسرەت ئوتىدا يېنىپ كۈل بولۇپ، ساھابىلەرنىڭ ھالى قالمىغان ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خەۋەردىن تېڭىرقاپ خۇدىنى يوقاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر كىشىلەرگە تەسەللىي بېرىپ ئۇلارنىڭ ھۇشىنى يىغىپ بولغۇچە ھالىدىن كەتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھنى كۆرمەي بىر كۈن چىدىيالمايدىغان ئاشىق كۆڭۈللەر ئەمدى بۇ پانىي دۇنيادا ئۇنى ھېچقاچان كۆرەلمەيتتى. مانا بۇ ھىجرانغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەمكىن ھالەتتە قوللىرىنى ساماغا كۆتۈرۈپ: "ئى رەببىم!

كۆزلىرىمنى كور قىلغىن! مەن ھەممە نەرسەمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بۇ دۇنيادا بىر نەرسە كۆرمەي!“ دەپ سەمىمىي ھالەتتە كۆز ـ ياش تۆكۈپ ئالالاھقا ئىلتىجا قىلدى ۋە شۇ يەردىلا كۆزلىرى كور بولۇپ قالدى.“ (قۇرتۇبى، ئەل جامى، بېيرۇت، 1985، 4، 271)

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغان ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى ئەسلەپ يىغلاپ سۆز قىلىشتا قىينىلىپ كېتەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ”ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەرگە چىقتى ۋە: ”ھەممىڭلار بىلىسىلەر! ئۆتكەن يىلى بۇنداق ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئارىمىزدا مېنىڭ ئولتۇرغىنىمغا ئوخشاش ئولتۇراتتى.“ دەپلا يىغلاپ كەتتى. ئارقىدىن يەنە بۇ سۆزنى تەكرارلىدى ۋە يەنە يىغلىدى. ئۈچىنچى قېتىم بۇ سۆزنى يەنە تەكرارلىدى ۋە ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالەتتە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.“ (تىرمىزىي، دەئاۋەت، 3558/105؛ ئەھمەت، 1، 3)

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھايات ۋاقتىدا دائىم ئۇنىڭ يېنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆپرەك سېغىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان ئىشتىياقى سەۋەپلىك، ئۇنىڭ بىلەن جەم بولۇش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئانىمىز، دادىسىنىڭ ۋاپات ئەسناسىدا ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بولغان سېغىنىش ئىشتىياقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: ”دادام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدىكى كېسەل ۋاقتىدا:”بۈگۈن قايسى كۈن؟“ دەپ سورىدى. ”دۈشەنبە كۈنى“ دەپ جاۋاب بەردۇق. ”ئەگەر مەن بۇ كېچە ۋاپات بولسام مېنى ئەتىگە قالدۇرماڭلار! چۈنكى مەن ئۈچۈن

كىچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئەڭ خەيرلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىن بولغىنىدۇر. (يەنى ئۇنىڭ بىلەن بىردەم بولسىمۇ بالدۇر جەم بولىدىغان كۈندۇر) دېدى.“ (ئەھمەت، 1، 8)

ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈسى سەۋەبىدىن بىردەم بولسىمۇ بالدۇر ۋاپات بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەم بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ھالەتتە كېسەل كىشىلەرگە ھەۋەس قىلاتتى ۋە ئۇلار ئارقىلىق قەلبلەرنىڭ سۇلتانى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالامنى يەتكۈزەتتى. مەسىلەن، مۇھەممەد ئىبنى مۇنقەدىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشىقى بولغان جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كەلگىنىدە، ھەسرەت بىلەن ئىزتىراپ چېكىۋاتقان جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەسەللىي قىلىپ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام ئېيتقىن!“ دېگەن. (ئىبنى ماجە، جەنائىز، 4)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشىقى بولغان ساھابە ـ كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئاڭلاش بىلەن زوق ئالاتتى. بەررا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ ھەر پۇرسەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بىر ئەسلىمە ئاڭلاش ئىشتىياقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

”ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادامدىن 13 دەرھەمگە بىر ئىگەر سېتىۋالدى ۋە: ”بەرراغا دېگىن ئۇنى بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويسۇن.“ دېدى. دادام: ”ياق! مۇشرىكلار سىزنى ئىزدەۋاتقان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە قانداق ھىجرەت قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بەرمىگۈچە مەن ئۇنى ئوغلۇمدىن ئەۋەتمەيمەن.“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەت سەپىرىنى مۇنداق بايان قىلدى: ”غاردىن ئايرىلدۇق ۋە يولغا چىقتۇق. ئۇ كېچە ۋە ئەتىسى يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. چۈش

بولغاندا بىر سايە تاپالارمەنمۇ دېگەن ئۈمىدتە ئەتراپىمغا قارىدىم ۋە يېقىنلا يەردە بىر قىيا كۆردۈم، ئۇنىڭ ئازراق بولسىمۇ سايىسى بار ئىدى. تېز بېرىپ ئۇ قىيانىڭ ئەتراپىنى رەتلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئۇ يەرگە بىر سېلىنچا سالدىم ۋە "كېلىڭ يا رەسۇلۇللاھ! ئازراق دەم ئېلىۋېلىڭ" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارام ئالدى. مەن بولسام كەلگەن-كەتكەن بارمىدۇ دەپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. بىر ۋاقىتتا بىر پادىچى قويلىرىنى بىز تەرەپكە ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بىر سايە ئىزدەۋاتاتتى. مەن "سەن كىمنىڭ پادىچىسى؟" دەپ سورىدىم. ئۇ قۇرەيشلىك بىر ئىسمىنى ئېيتتى. ئۇ ئېيتقان كىشىنى تونۇيتتىم. "قويلاردا سۈت بارمۇ؟" دېدىم. ئۇ "ھەئە" دەپ جاۋاب بەردى. "ئۇنداق بولسا بىز ئۈچۈن ئازراق سۈت سېغىپ بېرەلەسەنمۇ؟" دېدىم، ئۇ "ئەلۋەتتە بولىدۇ!" دېدى. شۇنىڭ بىلەن قويلارنىڭ ئىچىدىن بىر قوينى تۇتۇپ كەلدى. مەن پادىچىغا، قوينىڭ ئەمچىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ قولىنى ياخشى تازىلىشىنى ئېيتتىم. ئۇ قوللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ تازىلاپ، ئازراق سۈت سېغىپ ماڭا بەردى. مەن يېنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئېغىزىنى رەخت بىلەن ئەتكەن بىر تۇلۇم ئېلىۋالغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن ئازراق سۇ ئېلىپ سۈتنىڭ ئۈستىگە قۇيدۇم. سۈتنىڭ ئاستى تەرىپى سوۇغىدى. ئاندىن بۇ سۈتنى كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇمۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ئىدى. مەن سۈتنى ئۇنىڭغا ئۇزارتىۋاتقاچ: "قېنى ئىچىۋېلىڭ يا رەسۇلۇللاھ!" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتنى ئىچتى. مەنمۇ ئازراق راھەتلىنىدەك بولدۇم."

(بۇخارى، ئەسھابۇننەبى، 2؛ ئەھمەت، 1، 2)

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇنچىلىك ھۆرمەتلەپ، ئىززەتلەيتتىكى، بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قولى تەگكەن دەپ چاچلىرىنى كەستۈرمەيتتى. (ئەبۇ داۋۇت، سالات، 501/28)

ئايال ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنى ئەۋلاتلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈشنى ئىزاھلايدىغان شۇ ھادىسە نەقەدەر گۈزەل بىر تەسۋىرلەشتۇر:

خانىم ساھابىلەر باللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇزۇن بىر ۋاقىت كۆرۈشمىگەن ۋاقىتلاردا ئۇلارغا خاپا بولاتتى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قانچە كۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئانىسى ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ ئۇنى تەنبىھلىگەن. ئۇ بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: "ئانام ماڭا: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆرۈشتۈڭ؟" دەپ سورىدى. مەن: "بىر قانچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم." دېدىم. ئۇ مەندىن قاتتىق خاپا بولدى ۋە مېنى قاتتىق تەنبىھلىدى. مەن: "توختاپ تۇر! ئاچچىقلىما! ھازىرلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باراي، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شام نامىزىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن مەن بىلەن بىرلىكتە ساڭا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلاي." دېدىم." (تىرمىزىي، مەناقىپ، 3781/30؛ ئەھمەت، 4، 391 ـ 392)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى، پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ بۇلبۇلى ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالى بولسا باشقىچە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پانى دۇنيانى تاشلاپ كەتكەندە ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىلىنى يۇتىۋالغاندەك بىر ئېغىز گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنچە چوڭ مەدىنە شەھىرى ئۇنىڭغا تار كەلدى. خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىكى ئەزاننى ئاڭلاپ، ئۇنى

ئەسلەش ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەزان ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئاشىقى دەرتمەن بىلال: "ئى ئەبۇ بەكرى! مېنىڭ ئارزۇيۇمنى سورىساڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەزان ئوقۇشقا ھېچ تاقىتىم قالمىدى. مېنى مەجبۇرلىما، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۆز ھالىمغا قويغىن." دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسرىتى بىلەن بىلالدىن ئۇ گۈزەل ۋاقىتلاردىكى ئەزاننى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىپ:

"ئۈممەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ مۇئەززىنىدىنمۇ مەھرۇم قالسۇنمۇ؟" دېدى.

بۇ تەڭلىككە چىدىيالمىغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر كۈنى ناماز بامداتقا ئەزان ئوقۇش ئۈچۈن بويىنى بۈكۈك، كۆزلىرى ياش ھالەتتە مۇنارغا چىققان بولسىمۇ كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن ئۇ بەختلىك كۈنلەردىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئەزاننى ئوقۇيالماي مۇناردىن چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنى قايتا ئەزان ئوقۇشقا زورلىمىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلىمىسى بىلەن تولغان مەدىنىدە ئۇزاق تۇرالمىدى، ئۇ ناماز بامداتتىن كېيىن دەرھال يولغا چىقتى ۋە شامغا كەلدى. بىردەم بولسىمۇ بالدۇر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەم بولۇش ئىستىكىدە چېگرا بويلىرىدا شېھىد بولۇش ئۈچۈن جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئىلاھىي تەقدىر بىلەن ھەر قېتىم غازى بولدى. شۇنداق ھالەتتە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ھەتتا شامدا تارقالغان ۋابا كېسىلى سەۋەپلىك يىگىرمە بەش مىڭ غازىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قارىماستىن ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ساق قالدى. لېكىن ئۇنىڭ قەلبى بۇ پىراق ئىچىدە بىر ئۆمۈر يىنىپ كۆل بولدى.

ئۇ بىر كۈن چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "نېمىدۇر بۇ ئايرىلىش ئى بىلال! مېنى زىيارەت قىلىش ۋاقتىڭ تېخى كەلمىدىمۇ؟" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەمكىن ھالەتتە ئويغىنىپ كەتتى ۋە شۇ ھامان يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يىغلاپ قەبرىگە يۈز-كۆزىنى سۈرتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا ھەزرىتى ھەسەن بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار كەلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەت رەيھانلىرى[10] دەپ تۇرۇپ باغرىغا باسقان نەۋرىلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈشكە باشلىدى. ۋە ئۇلارنىڭ: "ئەي بىلال! ئەزىنىڭنى ئاڭلاشنى بەكمۇ خالايمىز!" دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئەزان ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ ھامان مەدىنە ئەھلى تەۋرەپ كەتتى. "ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ" دېگەندە ئەر-ئايال پۈتۈن ئىنسانلار، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى تىرىلدى دەپ ئويلاپ، مەسجىدى نەبەۋىنىڭ يوللىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەدىنىدە بۇ قەدەر كۆپ ئىنسانلارنىڭ يىغلىغىنى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشىقى بولغان بۇ مۇبارەك ساھابە، ئاتمىش نەچچە يېشىدا دەمەشىقتە ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات ئەسناسىدا: "ئىنشائاللاھ، ئەتە سۆيۈملۈك دوستلىرىم بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرى بىلەن ئۇچرىشىمەن" دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى. بىر تەرەپتە ئايالى: "ئاھ بېشىمغا كەلگەنلەر!" دەپ ئازابلىنىۋاتسا، بىر تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسرىتى بىلەن يېنىپ كۆل بولغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "پاھ

10. خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك، گۈل

نېمە دېگەن گۈزەل، نېمە دېگەن سۆيۈملۈك!“ دەپ سۆيۈندى. (زەھەبى، سىيەر، 1، 359)

ساھابىلەرنىڭ بۇ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھەدىس رىۋايەتلىرىدىمۇ ئوچۇق كۆرىۋالالايمىز. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋاقىتتا، بىلمەستىن خاتا سۆزلەپ قويۇش ئەندىشىسى بىلەن تىزلىرى تىترەپ، يۈزلىرى سارغىيىپ كېتەتتى. مەسىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنى، قاله رەسۇلۇللاھ/ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى“ دېگەندە، تىترەك باساتتى ۋە كۆپىنچە ساھابىلەر ئىنسانلىق ئاجىزلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى دەۋاتقان ۋاقىتتا: ”شۇنداق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش، شۇنىڭغا يېقىن بىر شەكىلدە...“ دېگەن كەلىمىلەر بىلەن ئىپادىلەيتتى. (ئىبنى ماجە، مۇقەددىمە) چۈنكى ئۇ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خۇتبە ئوقۇغان خورما كۆتىكى ئۇنىڭ ھىجرانى بىلەن يىغلىغان، ئۇسسۇزلۇق تارتىۋاتقان ئۈممىتىگە بارماقلىرىدىن مۆجىزىۋىي شەكىلدە سۇ چىققان شۇنداق بۈيۈك بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ تاھارەت ئالغان قاچىسىدىكى سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچكەن كىسەللەر شىپا تاپتى. ئۇنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغانلار تائاملارنىڭ تەسبىھىنى ئاڭلىدى. (بۇخارى، مەناقىپ، 25) ئۇنىڭدىن ئەسلىمە بولۇپ قالغان چاچ ۋە ساقاللار، مەسچىتلەردە ساقلىنىپ ”ساقال شېرىپ“ نامى بىلەن ئەسىرلەر مابەينىدە ئۈممەتكە رەھمەت بولدى.

قىيامەتتە مەھشەر ئىمامى ئۇ،
گۇناھكارلارنىڭ شاپائەتچىسى.

ئۈممىتى ئۈچۈن ”ئۈممىتىم، ئۈممىتىم“ دەپ نالە قىلغان ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام...

ھەمدۇ سانا بايرىقى ئۇنىڭ قولىدا...
پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ سايىسىدا...

جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان تۇنجى قول، يەنە ئۇنىڭ قولى...

شەيخ غالىپ بۇ كۆرۈنۈشنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

خۇتبەڭ ئوقۇلۇر مۇنبەرى ئىقلىم بەكادا،
ھۆكمۈڭ تۇتىلۇر مەھكەمى روزى-جازادا،
گۈلباغى قۇدۇمىڭ[11] جانلىنىدۇ ئەرشى خۇدادا،
ئەسمائى-شەرىپىڭ ئەسلىنىدۇ ئاسمان ۋە زېمىندا،
سەن ئەھمەدۇ مۇھەممەدۇ مۇھەممەدسەن،
ھەقتىن بىزگە سۇلتانى مۇئەييەدسەن.

## ساھابىلەردىن كېيىنكى مۇھەببەت ئېقىمى

دۇنيانى ئۆزگە قاراتقان بىر رەھمەت پەيغەمبىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئاشىق ۋە مۇھەببەت كارۋىنى، ساھابىلەردىن كېيىنمۇ ئوخشاش مۇھەببەت ۋە ئوخشاش ھاياجان بىلەن جەم بولۇش دەرياسىغا قاراپ ئېقىشىنى داۋاملاشتۇردى. چۈنكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەت ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت بىلەن قولغا كېلەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشىقلىرىنىڭ قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلدى: "ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە مېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى مەندىن كېيىن كېلىدىغانلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. ئۇلار مېنى كۆرۈش ئۈچۈن مېلى ۋە جېنىنى پىدا قىلىدۇ." (مۇسلىم، جەننەت، 12؛ ھاكىم، 5، 6991/95)

11. گۈلباغى قۇدۇمى: دىنىي مۇزىكا بىلەن ئېيتىلغان مۇراسىم قەسىدىسى ياكى دۇئاسى. تەشرىپ قىلغۇچىنى مۇراسىم بىلەن قارشى ئېلىش ياكى ھۆرمەتلەش سۆزى

رەببىمىز بىزگە ئوخشاش ئاجىز بەندىلىرىنى يۈقىرىقى ھەدىستە ئىپادىلەنگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! ئامىن!

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇھەببىتى سەۋەپلىك پۈتۈن دۇنيا غەملىرى ئۇستىدىن غالىپ كەلگەن پەيغەمبەر ئاشىقلىرىنىڭ تۆۋەندىكى مىساللىرى نىمە دىگەن ئىبرەتلىك!

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام مالىكنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسىدىن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگۈرۈپ، چىرايى سارغىيىپ كەتتى. چىرايىدىن ھەقىقەتەن بىر ئىزتىراپ چېكىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسىنى توختىتىپ قويمىدى. دەرىس ئاخىرلىشىپ كىشىلەر تارقىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ دېدىمكى: ”ئەي ئەبۇ ئابدۇللاھ! بۈگۈن سەندە بىر بىئارامچىلىق كۆردۈم“ ئۇ: ”ھەئە، دەرىس ئەسناسىدا بىر چايان كېلىپ پۈتۈمنى چاقتى، سەبىر قىلدىم. بۇنىڭغا پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بولغان ئىتائەت ۋە ھۆرمىتىم تۈپەيلى چىدىيالىدىم.“ دېدى. (مۇناۋى، پەيزۇل قادىر، بېيرۇت، 1994، 3، 333؛ سۇيۇتى، مىفتاھۇل جەننەت، 52-بەت)

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاياق باسقان تۇپراقلارغا ھۆرمەت قىلىپ مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئۇلاغ ئۇستىگە مىنمىگەن، پۈتىنغا بىر نەرسە كەيمىگەن. ئۇنىڭ يېنىغا ھەدىس ھەققىدە بىرەر سوئال سورايدىغان مېھمان كەلگەن ۋاقىتتا تاھارەت ئېلىپ، سەللە ئوراپ، خۇشپۇراق چېچىپ، ئېگىز بىر يەردە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ سوئال سورىغۇچىغا قۇلاق سالغان. ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ روھى ئۈچۈن تەييار قىلىپ ئۇنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى تىلغا ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەدەپ-ئەخلاقتا ناھايىتى

دىققەت قىلغان. راۋزا[12]دا ئىمام بولغان ۋاقىتلاردا دائىم پەس ئاۋازدا سۆز قىلغان. ئۇ دەۋرىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلغان ۋاقىتتا: "ئەي خەلىپە! بۇ ئورۇندا ئاۋازىڭنى يۇقىرلاتما! ئاللاھتائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلماسلىقلار دېگەن ئايىتىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش، سەندىن بەكرەك پەزىلەتلىك بولغان ساھابىلەر ھەققىدە كەلگەن." دېدى.

يەنە ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان مەدىنە ۋالىيسىنى كەچۈرىۋېتىپ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى بولغان بىر زات ھەققىدە قىيامەت كۈنى مەھشەردە داۋاچى بولۇشتىن ھايا قىلىمەن!" دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاشىق بولغان ئۈممەتنىڭ بۈيۈكلىرىدىن سەييىد ئەھمەد يەسەۋىي ھەزرەتلىرى 63 يېشىدا ۋاپات بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن بۇ ياشتىن كېيىنكى ئۆمرىدە دۇنيانى ئايلانماسلىققا ۋەدە بېرىپ، ۋاپات بولغۇچە قەبرىستاندا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان.

بۈيۈك ھەدىس ئالىمى ۋە مۇجتەھىد ئىمام نەۋەۋى ھەزرەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋۇزنى قانداق يېگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تاۋۇز يېمىگەن. ھاياتىنىڭ پۈتۈن سەھىپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان باغلىنىش ئېگى بىلەن بىر تاۋۇز يېيىشتىمۇ ئۇنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشمايدىغان ھەرىكەت قىلىپ سېلىش ئېھتىماللىقىدىنمۇ ئۇزاق تۇرغان.

دۇنيا ئىمپېراتورى ياۋۇز سۇلتان سەلىمخان، ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق يولىغا باشلايدىغان بىر ئەۋلىيانى دۇنيادىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن ئۈستۈن كۆرۈپ:

---

12. پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىكى مەسجىد بولغان يېرى

پادىشاھى ئالەم بولۇش بىر قۇرۇق غەلۋە ئىمىش،
بىر ئەۋلىياغا مۇرىد بولۇش ھەممىدىن ئەلا ئىمىش!..

دەپ، ئاللاھقا ۋە ئەلچىسىنىڭ دوستلىرىغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تىلغا ئالغان.

ئىلگىرى تامغۇلارغا بىر بېيت ياكى بىر قوشاق يېزىش ئادەت ئىدى. بەزمى ئالەم ۋالىدە سۇلتان، ئاللاھتائالانىڭ ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى تۈپەيلى ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆز تامغۇسىغا تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ئويدۇرغان:

مۇھەببەتتىن مۇھەممەد بولدى ھاسىل،
مۇھەممەدسىز مۇھەببەتتىن نە ھاسىل؟!
زۇھۇرىدىن بەزمى ئالەم بولدى ۋاسىل...

شائىر فۇزۇلى مەشھۇر قەسىدىسىدە بۇ مۇھەببەتنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

"ئەي كۆز، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان مۇھەببىتىم بىلەن قەلبىمگە تۇتىشىپ يالقۇنلىغان ئاتەشلەرگە ياشلىرىڭنى تۆكمە! چۈنكى بۇ ئاشىقلىقنىڭ ھارارىتىنى سۇ قويۇپ پەسەيتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئاشىق ئوتى ئەسلا ئۆچمەيدۇ!"

"پەقەت يەنە كۆزلىرىم ئۇنىڭغا بولغان ئاشىقلىقىمدىن، ئۇ قەدەر ياش تۆكۈدۇكى، شۇ ئايلىنىۋاتقان كۆك گۈمبەز باشتىن ئاخىرى سۇ رەڭگىدەمىدۇ ياكى كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن سۇلارمۇ، پۈتۈن كۆك گۈمبەزنى قورشىۋالغانمىدۇ؟ بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان بىر ھالەتتىمەن."

"باغۋەن گۈل باغچىسىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن بىكارغا جاپا تارتمىسۇن! چۈنكى مىڭ تال گۈل باغچىسىنى سۇغارسا يەنىلا رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە ئوخشىغان بىر گۈل ھېچقاچان ئېچىلمايدۇ!"

”ئەي دوستلار! مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنى سۆيۈش ئارزۇسى بىلەن ئۆلۈپ كەتسەم، تۇپراق بېشىمدىن توپراق ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر قاچا ياساپ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇ ئىكرام قىلىڭلار! بەلكى شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈش ۋە شاپائەتكە نائىل بولۇش نېسىپ بولۇر.“

”سۇلار ئۇ رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ تاپىنى تەگكەن ۋە ئۇ ياشغان مۇبارەك تۇپراققا باراي دەپ، ھېچ تۇرماستىن ئۆمۈر بويى بېشىنى تاشتىن تاشقا ئۇرۇپ ئاۋارە ۋە جەلب قىلارلىق بىر شەكىلدە ئاقماقتا“

سۇلايمان چەلەبىمۇ: ”ئاجايىپ كاتتا شۇ قۇياش ھەم ئۇنىڭ پەرۋانىسى!“ دەپ، قۇياشنىڭمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

سۇلتان 1 ـ ئەخمەتخان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاياغ ئىزىنى تاجىنىڭ ئۈستىگە نەقش قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىشقا تىرىشىپ:

نېم بولۇر تاجىم كەبى بېشىمدا كۆرسەم ئۇنى دائىم،
مۇبارەك قەدىمى ئۇ ھەزرىتى شاھى رەسۇلنىڭ...
پەيغەمبەرلىك باغچىسىنىڭ گۈلى ئۇ قەدەمنىڭ ساھىبىدۇر،
ئەي ئەخمەت تۇرما يۈزۈڭگە سۈرگىن قەدىمىنى ئول گۈلنىڭ!

دېگەن مىسرالارنى يازغان.

ئەزىز مەھمۇد ھۇدايى ھەزرەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان:

قەدىمىڭ رەھمەت ۋە خۇشاللىقتۇر يا رەسۇلۇللاھ!
بارلىقىڭ دەرتمەنلەرگە دەرماندۇر يا رەسۇلۇللاھ!
ھۇدايىغا شاپائەت قىل زاھىر ياكى باتىن،

ئىشىكىڭنى چەككەن غېرىپ يوقسۇلدۇر يا رەسۇلۇللاھ!

شائىر نابى ھەج سەپىرىدە كارۋان مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يېقىنلىشىۋاتقاندا، بىر كىشىنىڭ پۇتىنى پەرۋاسىزلارچە راۋزائى مۇتەھھەرىگە ئۇزىتىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك قايغۇرۇپ، بۇيۈك بىر ئەجەپلىنىش ئىچىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يېزىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن:

ساقلانغىن ئەدەپنى تەرك ئېتىشتىن مەھبۇبى خۇدادۇر بۇ!
نەزەرگاھى ئىلاھىدۇر، ماقامى مۇستافادۇر بۇ!

"ئاللاھتائالانىڭ نەزەرگاھى ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستاپانىڭ ئورنى ۋە شەھرى بولغان بۇ يەردە ئەدەپسىزلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار!"

مۇرات ئەدەپ شەرتى بىلەن كىرگىن نەبىنىڭ دەرگاھىغا،
مەتافى قۇددىيسىدۇر، بۇسەگاھى ئەنبىيادۇر بۇ.

"ئەي نابىي! بۇ دەرگاھقا، ئەدەپ-ئەخلاققا دىققەت قىلغان ئاساستا كىرگىن! بۇ يەر پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئۇلۇغ روھلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشىكىنى سۆيگەن مۇبارەك بىر ماكاندۇر!"

بۇ قەلبتىن چىققان سەمىمىي ئىشتىياق قارشىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىۋىي تەنبىھلىرى بىلەن راۋزا مۇئەززىنلىرى بامدات ۋاقتىدا ئەزاننى بۇ مۇبارەك مۇنارلاردا تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بۇ ئىلتىپاتلار نابىينى بەك تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقان ھالەتتە راۋزاغا كىرىدۇ.

يېقىن تارىخىمىزنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن مۇھەممەد ئەسئەد ئەربىلى ھەزرەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ يالقۇنلاپ يانغان ئاتەشىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

تەجەللىيى جامالىڭدىن ھەبىبىم نەۋباھار ئاتەش (ئوت)!

گۈل ئاتەش، بۇلبۇل ئاتەش، سۇنبۇل ئاتەش، ھەققۇ ھار ئاتەش!
"پۈتۈن ئاشىقلارنى ياندۇرغان، ئۇ مۇبارەك يۈزۈڭدىكى قۇياش كەبى پارلايدىغان نۇردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەلب ئاتەش، كۆڭۈل ئاتەش، ساڭا بولغان ئاشقى بىلەن يىغلىغان شۇ ئىككى كۆز ئاتەش!"
"بۇ قەدەر ئاتەش ئىچىدىكى ئاشىق شېھىدنى يۇيۇش مۇمكىنمۇ؟ جەسەت ئاتەش، كېپەن ئاتەش، شېھىدنى يۇيىدىغان سۇمۇ ھەم ئاتەش!"
ئىلگىرى بىر خىرىستىئان بولۇپ، خىرىستىئان ھالەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىتىنى ھېس قىلىپ، كۆزى ياشلىق بىر مۆئمىن ۋە بىر پەيغەمبەر ئاشىقىغا ئايلانغان يامان دەدە، ھېس-تۇيغۇسىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان:

سۇسىز قېلىپ ئىسسىق چۆللەردە جان بەرسەم ئازاپ چەكمەيمەن،
يانار تاغلار ياندۇ باغرىمدا، بوستانلاردا راھەت ھېس قىلمايمەن،
ئاتەش چۈشسە كۆكلەردىن مەن چۆكۈپ كەتسەم تۇيمايمەن،
جامالىڭلا خۇشاللاندۇر كۆيدۈم يا رەسۇلۇللاھ!
نەقەدەر گۈزەلدۇر يۇمۇپ مۇھەببىتىڭ بىلەن كۆز،
سۆيگۈڭ بىلەن جان بەرمەك،
نېسىپ بولماسمۇ سۇلتانىم ھەرەمخانىسىدا جان بەرمەك،
يۇمۇلسا كۆزلىرىم ئاسان بولۇر شۇ ھامان جان بەرمەك،
جامالىڭلا خۇشاللاندۇر كۆيدۈم يا رەسۇلۇللاھ!
بويۇن بۈكتۈم، پەرىشان مەن، بۇ دەردىنىڭ سەندە تەدبىرى،
نە ۋاقىت كۆڭلۈڭ مۇرات ئەيلىسە كۆڭلىنى ئال قىتمىرى[13]
جامالىڭلا خۇشاللاندۇر كۆيدۈم يا رەسۇلۇللاھ!

13. قىتمىر: ئەسھابى كەھف بىلەن بىرگە بولغان ئىتنىڭ ئىسمى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا چىققانلىقى ۋە ساماۋىي ئالەمدىكىلەرنىڭ ھاياجىنىنى شائىر كامال ئەدىپ كۈرۈكچىئوغلى مىسرالىرىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

شەبى مىراجدا سىماسىنى كۆردى دېپ،
تىز چۆكىدۇ يەرلەرگە ئاسمان، شۈكۈر سەجدىسى قىلىپ...
جان ئاتار ھەر كېچە رۇھۇل قۇددۇس ئېھرامغا كىرىپ،
ھەرەم مۆھتەرەمنىڭ قۇدىقىغا مېھمان بولۇپ...

"ھەزرىتى جىبرائىل، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا مېھمان بولۇپ كېلىش ئۈچۈن ھەر كېچە ھاياجانلىق بىلەن ئېھرامغا كىرىدۇ"

بىر كۆرگەن يەنە بىر قېتىم كۆرسەم دەپ،
ئەقلىنى يوقىتىدۇ ئۇنىڭ رۇخسارىغا ھەيران بولۇپ...

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر قېتىم كۆرگەن كىشى، ئۇنىڭ گۈل يۈزىگە ھەيران بولۇپ ئەقلىنى يوقىتىدۇ! ئۇلار پەيغەمبىرىمىز بىلەن دىدارلىشىش ئارزۇسىدا ياشايدۇ."

❀

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر كىشىدۇركى، ئۇنى ئۆرنەك قىلىپ ئەگەشكەن ساھابىلەر ۋە سالىھ كىشىلەر ھەر بىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كەبى ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانچىلىك يېقىن بولسا شۇنچىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەت تاپتى.

ئەجبا ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد، بىلال ھەبەشىي، ئىمام نەۋەۋى، سەييىد ئەھمەت يەسەۋىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زاتلارنىڭ پاك قەلبىدىن بىز قانچىلىك ئۆرنەك ئالالىدۇق؟ بىزمۇ ساھابىلەردىن بۈيان داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ مۇھەببەتنىڭ نامايەندىسىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگىمىزنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆزىمىزدە

مۇجەسسەملىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە لايىق بىر ئۈممەت بولۇپ ياشىغانلىقىمىزنى ئۆلچەپ روھىمىزغا مەنىۋىي بىر ئويغىنىش ۋە تىرىلىش ئاتا قىلىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ ئەلۋەتتە مەۋجۇد بولغان پارلاق شەخسلەردىكى ئۆلچەملەردۇر. لېكىن ئۇلار قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا چولپان يۇلتۇزىغا ئايلانغان، بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئىككى كۆڭۈل ئارىسىدىكى ئېقىنغا ئوخشايدۇ. سالىھ بىر مۆئمىن بولۇش ئۈچۈن قەلبكە بۇ ئاڭنى سىڭدۈرۈش شەرت. ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدىكى ئىنسانلاردا بۇ خىل ئاڭ غايىب بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر زايا بولۇپ، نەپسانىي ئېقىنلاردا پارچىلىنىۋاتىدۇ. دۇنيا ۋە نەپسانىي ئېقىملارغا يۈزلىنىش كۆپەيگەنسېرى روھىمىزنىڭ ئاچلىقىنى ھېچنېمە تويغۇزالمايۋاتىدۇ. ئەسلىدە قەلبىمىزنىڭ مەجازىي مۇھەببەتتىن ھەقىقىي مۇھەببەتكە توغرا بىر شەكىلدە يۈزلىنىشى، مەجنۇننىڭ لەيلىدىن باشلىغان سەيلىسىنى ئاللاھتا ئاخىرلاشتۇرىشى، پىشىپ يېتىلمىگەن بىر قەلبنىڭ بەرگەن ۋەدىسى نەتىجىسىدە پىشىپ يېتىلىپ، ھەقىقىي مۇھەببەتتىكى خاسلىققا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى. كۈنىمىزدىكى ئىنسانلار بۇ مۇھەببەتكە موھتاج. يۈز بېرىۋاتقان پۈتۈن جىنايەتلەر، يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ مۇھەببەتنىڭ كەملىكىدىندۇر.

ھەقىقىي بىر مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋاقتى كەلسە سۆيۈلگەن كىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان پىداكارلىق ۋە كۆز يۇمغان خەتەرلەرگە قاراپ ئۆلچىلىنىدۇ. بىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن كىشى ئۇ كىشى ئۈچۈن جېنىنى بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ. لېكىن

بۇنى ئاجايىپ بىر پىداكارلىق دەپ ھېس قىلمايدۇ. بۇنى خۇددى ئۇنىڭغا بولغان قەرزىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك بىر شەكىلدە ھەرىكەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇلار ھەقىقي ئاشىقلىقنى بىلمىگەن، ئاشىقلىقتىن نېسىۋىسىنى ئالالمىغان، كامالەتكە يەتمىگەن نەپسانىي روھ بىلەن ياشاش ئارقىلىق قەلبىنى ئىسراپ قىلغان كىشىلەردۇر.

تاغلارمۇ قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بىر ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، ئەسلىدە ئىنسانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر ئىمتىيازدۇر. بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشىشنىڭ شەرتى ھەقىقي مۇھەببەتكە ئېرىشىشتۇر. چۈنكى ئىنسان روھىدىكى بۇ كۆرەش ۋە توقۇنۇش، پەقەت ھەقىقي مۇھەببەت بىلەن ئېرىپ يوق بولىدۇ. كامىل بىر ئىنسان ئۆلگىلىك بىر شەخستىن ئالغان ئۆرنەك بىلەن، ھايۋانىي ئارزۇ-ئىستەكلەردىن روھىنى پاكلاپ قەلبىنى بىر جەننەت باغچىسىغا ئايلاندۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئىلاھىي مەنزىرىلەرگە بىر دېرىزە ئېچىلىدۇ .

رەببىمىز قۇرئاندىكى: «ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا» (ھىجر 29-ئايەت) دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئىنسانغا بەرگەن بۈيۈك نېمىتىنى ئەسلەتمەكتە. بۇ بۈيۈك نېمەت ۋە جەۋھەر، مۆئمىننى سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت بىلەن ۋايىغا يەتكۈزەلىسە، ئۇ ۋاقىتتا قەلب ئىلاھىي سىرلار ئالىمىگە قاراپ يول ئېلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي دۇنيانىڭ سىرلىرى، مەخلۇقاتنىڭ ھەقىقىتى ۋە كائىناتنىڭ سىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەندە ساغلام بىر قەلبنىڭ نامايەندىسىگە ئېرىشىدۇ.

بەندە بۇ نېمەتكە ئېرىشكەندە ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكى توسالغۇلار يوقىلىشقا باشلايدۇ. "ئۆلۈمدىن بۇرۇن ئۆلۈش" دېگەن سىردىن نېسىۋىسىنى ئالىدۇ. دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈنچە سۆيگۈسى ۋە ۋاقىتلىق گۈزەللىكى كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھ ياراتقۇچىسىغا يېقىنلىشىشتىكى تەسۋىرلىگۈسىز ھۇزۇرغا نائىل بولىدۇ .

ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغانلار، ئىنساندا مەۋجۇت بولغان ھايۋانىي نەپستىن ئايرىلىپ پاك بىر نەپسكە ئېرىشەلمىگەنلەردۇر. سۆيۈشنى بىلمىگەن كىشىنىڭ قەلبى خام تۇپراققا ئوخشايدۇ. ھەقىقىي مەرىپەت سۆيگۈدە بولىدۇ. چۈنكى مەۋجۇتلۇقنىڭ سەۋەبى مۇھەببەتتۇر.

ئىنسانىيەتنى خارلىقتىن قۇتقۇزۇپ ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىلاھىي رەھمەت، ئىنسانىيەتكە ئۈسۋەئى ھەسەنە يەنى ئەڭ گۈزەل ئۈرنەك بولۇپ تەقدىم قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتنىڭ يولى، ھەقىقىي مۇھەببەتنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ بۇ مۇھەببەت بىلەن رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشتۇر.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن كائىناتنىڭ كۆز قارچۇغى، ئاللاھتائالانىڭ بىز ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېمىتى، بەندە بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى بىر ۋەسىلىدۇر. ئۇ بەدىنى پانى دۇنيادىن ئايرىلغانغا قەدەر ھەقىقەتكە قۇل بولۇشنىڭ ئەڭ ئالىي ئۈلگىسى بولۇپ كەلدى.

قىسقىچە قىلغاندا، ئۇ پۈتكۈل ئالەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھمەت ۋە مۇھەببەتتۇر. ئۇنىڭغا جەلىپ بولغان ئاشىق قەلبلەر، بۇ دۇنيادا دائىم ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن كۆيۈپ كۆل بولىدۇ ۋە ھەردائىم ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋىسالىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ قەلبتىكى يالقۇنجاۋاتقان ئوت ئىچىدە: "جامالىڭلا خۇشاللاندۇر كۆيدۈم يا رەسۇلۇللاھ!" دېگەن پىغانى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇنداق، باھائۇددىن نەقشىبەندى، يۇنۇس ئەمرە، مەۋلانە رۇمىلارنى مەنىۋىيەت ساماسىنىڭ چولپان يۇلتۇزلىرىغا ئايلاندۇرغانمۇ مۇھەببەتتۇر. ھەزرىتى مەۋلانا بۇ ئاشىق بىلەن ئەبەدىي ۋە

ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە يول ئالغانلاردىن بىرسىدۇر. ئۇنىڭ سائادىتى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە بىر ۋەسىلە ئىدى. چۈنكى ئۇلار پانىي دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، توغرا بىر يولغا قەدەم قويغانلىقى ئۈچۈن پەقەت مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئويلاش بىلەنلا خۇشاللىق تاپاتتى. مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئويلايدىغانلار ئۈچۈن پانىي دۇنيانىڭ قانچىلىك لەززىتى بولماقچىتتى؟ چۈنكى بەخت ـ سائادەتنىڭ يولى سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتنى لايىقىدا ياشاش بىلەن تېپىلىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ شۇ سۆزلىرى، ئۇنىڭ سائادەتكە ئېرىشىش مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: "جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن مەن قۇرئاننىڭ قۇلى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايىقى ئاستىدىكى تۇپراقتۇرمەن. ئەگەر بىرى مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن باشقا بىر مەنا چۈشەنسە، ئۇ كىشىدىن ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ سۆزىدىن بىزاردۇرمەن."

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى تۇپراق بولۇشنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولىدا باش ئېگىشنىڭ مەناسى، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن باغلىنىپ ياشاش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش دېگەنلىكتۇر. يەنە كېلىپ مەۋجۇداتنىڭ نۇرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ روھانىيىتىگە ئېرىشىش مەنبەسىنىڭ يەنە بىر يولى بولسا ئۇنىڭ بىلەن قەلب بېغىمىزنى چىڭىتىدىغان ۋە قەلبىمىزنى ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان دۇرۇت ۋە سالامنى ئۇمۇملاشتۇرۇشتۇر.

# دۇرۇت ۋە سالام

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلىدۇ. مۆئمىن بىر بەندە بولۇشنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىش شەرتىگە باغلايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ ـ سۆز قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ئاددىي بىر ئىسىم قاتارىدا زىكىر قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ، ئۇنىڭغا دۇرۇت ـ سالام يوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۈممىتى مۇھەممەدنىڭمۇ ئۇنىڭغا دۇرۇت ۋە سالام يوللىشىنى بۇيرۇيدۇ.

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۆئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار» (ئەھزاپ سۈرىسى 56 ـ ئايەت) دېيىش ئارقىلىق ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە دۇرۇت ۋە سالام يوللاش مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئىلاھىي بىر بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

ساھابىلەردىن ئۇبەي ئىبنى كەئەب مۇنداق دەيدۇ: "كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆتۈپ كەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: "ئى ئىنسانلار! ئاللاھنى زىكىر قىلىڭلار! ئاللاھنى زىكىر قىلىڭلار! يەرنى يەردىن قوپىرىدىغان بىرىنچى سۈر چېلىنىدۇ. ئارقىسىدىن ئىككىنچى سۈر چېلىنىدۇ.

ئۆلۈم پۈتۈن شىددىتى بىلەن كېلىدۇ، ئۆلۈم پۈتۈن شىددىتى بىلەن كېلىدۇ.“ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ساڭا كۆپ دۇرۇت ۋە سالام يوللايمەن. بۇنى قانچىلىك قىلىشىم كېرەك؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ: ”ئۆزۈڭ خالىغان مىقداردا دۇرۇت ۋە سالام يوللىغىن“ دېدى.

مەن: ”دۇئالىرىمنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى دۇرۇت ۋە سالام ئۈچۈن ئايرىسام ئۇيغۇن بولامدۇ؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ: ”خالىغىنىڭچە ئايرىغىن، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئايرىساڭ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر.“ دېدى. مەن يەنە: ”ئۇنداق بولسا مەن دۇئايىمنىڭ يېرىمىنى دۇرۇت ـ سالام ئۈچۈن ئايرىپ قوياي“ دېدىم. ئۇ: ”خالىغىنىڭچە ئايرىغىن، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئايرىساڭ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر.“ دېدى. مەن يەنە: ”ئۇنداق بولسا ئۈچتىن ئىككى قىسمى يېتەرلىكمۇ؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ: ”خالىغىنىڭچە ئايرىغىن، لېكىن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ئايرىساڭ سېنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر“ دېدى. ”ئۇنداق بولسا، دۇئاغا ئايرىغان ۋاقتىمنىڭ ھەممىسىدە ساڭا دۇرۇت ـ سالام يوللىسام قانداق؟“ دەپ سورىسام: ”ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاللاھ سېنىڭ پۈتۈن قىيىنچىلىقىڭنى ئاسانلاشتۇرۇپ، گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ“ دېدى. (تىرمىزىي، قىيامەت، 2457/23)

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئاشىقلىرى دۇرۇت ـ سالامنى تىللىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ. چۈنكى دۇرۇت ـ سالام مۆئمىنىنىڭ قەلبىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەتنى زىيادىلەشتۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا لايىق بىر شەكىلدە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن ئۆرنەك ئېلىش، شۈبھىسىزكى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىش بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. بۇمۇ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈلگىلىك ئەخلاقىغا ۋە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يېقىنلىشىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى

سۈپىتىنى تەسۋىرلەشكە ھېچبىر مەخلۇقات قادىر بولالمىدى، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق بىلەن يارىتىلىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، قەلب سۇلتانلىرى، ھەتتاكى جىبرائىل، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىشنى ئىززەت، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تىلەمچى بولۇشنى نېمەت دەپ بىلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقتا دۇئامۇ ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاش بىلەن باشلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يوللانغان دۇرۇت ۋە سالامنىڭ رەت قىلىنالمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر قاراش مەۋجۇت. دۇئالىرىمىزنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىنى دۇرۇت-سالام بىلەن زىننەتلەش بۇ ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى قوبۇل بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ئىككى دۇئانىڭ ئارىسىغا ئۆزىمىزنىڭ دۇئاسىنى قوشۇپ قويۇش، ئۇ دۇئانىڭمۇ قوبۇل قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى: "دۇئا ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللانمىغۇچە ئاللاھ تەرەپكە يۈكسەلمەيدۇ." (تىرمىزىي، ۋىتىرى، 486/21)

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ، رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت-سالام يوللاشتىن بۇرۇن دۇئا قىلغان بىر كىشىنى كۆردى ۋە: "بۇ ئادەم ئالدىراپ قالدى." دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەمنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: "سىلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھتائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتسۇن، ئاندىن ماڭا دۇرۇت-سالام يوللىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى خالىغانچە دۇئا قىلسۇن." (تىرمىزىي، دەئاۋەت، 3477/64)

ئىبنى ئاbbاس دۇئالىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھادىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ: خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىلەن غەتافان قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا جەڭگە-جېدەل بار ئىدى. خەيبەر يەھۇدىيلىرى قاچانكى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا مەغلۇپ بولاتتى. ئاخىرىدا: "ئەي رەببىمىز! ئاخىرقى زاماندا ئەۋەتىشنى ۋەدە قىلغان ئۇ ئۇممى پەيغەمبەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەندىن بىزنى غالىپ قىلىشىڭنى تىلەيمىز" دەپ دۇئا قىلدى ۋە بۇ دۇئانىڭ كەينىدىن غەتافان قەبىلىسى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. لېكىن ئۇلار ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ دۇئالىرىدا زىكىر قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن كىتابنى ئىنكار قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا: «ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ كاپىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى.» (بەقەرە سۈرىسى 89-ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. (قۇرتۇبى، 2، 27؛ ۋاھىدى، 31-بەت)

كۆرىۋاتقىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى ھۆرمىتىنى ۋاستە قىلىپ ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلغان كاپىرلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئالەملەرگە كەلگەن رەھمەت ۋە مەرھەمەتتىن پايدىلانغان.

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ: «سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئاللاھ ئۇلارغا ئازاپ قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاپ قىلمايدۇ.» ( ئەنفال 33-ئايەت)

بۇ ئىلاھىي بايانمۇ مۇشرىكلار ھەققىدە نازىل بولغان. مۇشرىكلارمۇ پەقەت ئۇنىڭغا جىسمانى بىر شەكىلدە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن بۈيۈك بىر ئىمتىيازغا ئىگە بولغان بولسا، مۆئمىنلەرنىڭ قانداق نېمەتلەرگە نائىل بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆئمىنلەر ئۇ ئۇلۇغ زاتقا ئىمان ئېيتىش بىلەن توختاپ قالماي، ئۇ ئىمانىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەتتىن نېسىۋىسىنى ئالسا... مانا بۇ يەردە سۆز قىلىشقا ئاجىز قالىمىز! ھەقىقەتەن، بىر مۆئمىنىنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى قانچىلىك يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا نائىل بولىدىغان بەخت ـ سائادىتى، ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ماقامى شۇ دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا دۇرۇت ـ سالام يوللاشنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك! چۈنكى ئەڭ قىيىن كۈنلىرىمىزدە ئۇنىڭ شاپائىتىگە موھتاجمىز!

# تۆتىنچى بۆلۈم

❀ ئەڭ بۈيۈك ئېھتىياج: ئۈلگىلىك شەخس

❀ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىمىز؟

# ئەڭ بۈيۈك ئېھتىياج: ئۈلگىلىك شەخس

## ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئىلىم: ئىلاھىي تەربىيە

ئاللاھتائالا، ئاسمان-زېمىننى ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. ئىنسانلارنىمۇ بۇ نېمەت بەدىلىگە مەسئۇلىيەتسىز، بىكار ياراتمىدى، يەنى ئاللاھتائالا ئىنسانلار ۋە كائىناتنى ئىلاھىي قانۇن بىلەن باشقۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسان ھاياتىنى بۇ ئىمتىھان ھاياتىنىڭ، ئەركىنلىك ۋە مەسئۇلىيەت ئۆلچىمى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ ياشىشى تەقدىر قىلىندى. قۇرئاندا بۇ ھەقىقەت مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: «ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن تارازىنى بېكىتتى.» (راھمان سۈرىسى 7-8-ئايەت)

بۇ دېگەنلىك، ئىنسان كائىناتتىكى ئىلاھىي يېقىنلىق بىلەن بىرلىششى كېرەك. قانداقكى شۇ بىپايان دۇنيادا ئەڭ كىچىك بىر قالايمىقانچىلىق بولمىغىنىدەك، ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان باغلىنىشى ۋە ئاللاھقا بولغان سەپىرى يولىدا ھەقىقەتتىن چەتنەپ كېتىش بولماسلىقى كېرەك.

ئالىملار بىر ئۆمۈر شۇ ئۆلچەم بىلەن ياشىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئىككىلا دۇنيادا ئەڭ بەختلىك بەندىلەردۇر. ۋەھالەنكى ئۆتكۈنچە دۇنيانىڭ لەززىتىنى دەپ، ئىسيان ئىچىدە ياشىغانلار، بۇ دۇنياغا كېلىپ-كېتىشتىكى مەقسەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان نادان كىشىلەردۇر. بۇلار ئاللاھتائالانىڭ كائىناتتىكى نىزامى بىلەن بىرلەشمىگەنلەر، كائىناتنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلەردۇر. ئەپسۇسكى،

ئۇلار ئۆمرىنى قاتتىق نادانلىق ۋە ئالدىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەت ھاياتى تېخىمۇ خەتەرلىك.

بۇ مەسىلىنىڭ ئىزاھى، ھەقىقەتەن ئىنسان، بۇ دۇنياغا ئىمتىھان قىلىنىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولغاچقا ياخشىلىق ۋە يامانلىققا ماس ھالەتتە يارىتىلغان. چۈنكى ئىمتىھان، توغرىنىمۇ ـ خاتانىمۇ قىلالىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسى دائىم ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئارىسىدا كۆرەش قىلىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ھەر ئىككىلىسى ئىنسان ھاياتىدا ھۆكۈم سۈرۈشنى خالايدۇ. يەنى ۋۇجۇدىمىزدا ياخشىلىق كۈچى بولغىنىغا ئوخشاش يامانلىقنىڭمۇ بىر كۈچى بار. بۇ كۆرەشتە ياخشىلىقنىڭ غالىپ كېلىشى ئۈچۈن پەقەت ئەقىل ـ ئىدراك، ئىرادە كۈچى بىزگە كۇپايە قىلمايدۇ. ئەگەر بۇلار بىز ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان بولسا ئىدى، ئاللاھتائالا تۇنجى ياراتقان ئىنساننى يەنى ئادەمنى پەيغەمبەر قىلمىغان بولاتتى. ئۇنىڭغا ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە نائىل قىلىدىغان ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى ئۆگەتمىگەن بولاتتى. پەقەت ئاللاھتائالا، ئادەم بالىلىرىنى دائىم ئىلاھىي ۋەھىي ۋە پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ھەقىقەت ۋە ياخشىلىققا يېتەكلىگەن. ئەقىل ۋە روھنى كۈچلەندۈرىدىغان كىتابلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق بەندىلەرنىڭ مەنىۋىي تەربىيەسىنى داۋاملاشتۇرغان.

چۈنكى ئەقىل، ئىككى بىسلىق پىچاققا ئوخشايدۇ، ئىنسانغا يامان ئىشنىمۇ قىلدۇرىدۇ، سالىھ ئەمەللەرنىمۇ قىلدۇرىدۇ. ئىنسان"ئەھسەنى تەقۋىم"گە يەنى بەندىنىڭ يېتەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك سەۋىيەگە ئەقىل بىلەن يېتىدۇ. پەقەت كۆپىنچە ۋاقىت "بەل ھۇم ئەزال"غا يەنى ئىدراك جەھەتتىن ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن سەۋىيەگە يەنە شۇ ئەقىلنىڭ سەۋەبىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا

ئەقىل بىر ئىنتىزام بىلەن باشقۇرۇلىشى كېرەك. ئۇ ئىنتىزام بولسا ۋەھيي بىلەن قىلىنغان تەربىيە، پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدۇر. ئەقىل ۋەھيينىڭ كونتروللىقى ئاستىدا بولغاندىلا ئىنساننى سائادەتكە باشلىيالايدۇ. لېكىن ۋەھييدىن ئىبارەت نېمەتتىن مەھرۇم قېلىنسا، ئازابلىق بىر ئاقىۋەتكە سەۋەپ بولىدۇ.

تارىختا نۇرغۇن زالىم كىشىلەر باردۇركى، ئۇلار ناھايىتى ئەقىللىق. لېكىن نۇرغۇن ھەقسىزلىقلارنى قىلىپ، تالاي كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان تۇرۇپمۇ يەنە ۋىجدانى كىچىككىنە بولسىمۇ ئازابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان زۇلمى ئۇلارغا نىسبەتەن ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قىلالايدىغان ئىشىدۇر. مەسىلەن، مەشھۇر موڭغۇل تاجاۋۇزچى ھۇلاكو باغداتقا كىرىپ دىجلە دەرياسىدا 400 مىڭ بىگۇناھ ئىنساننى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى، لېكىن ھېچقانداق ۋىجدان ئازابى تارتمىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىنسان قەلبىنى قان-زەرداپ قىلىدىغان ئۈنسىز پەرياتلار ئىچىدە تەپ تارتماستىن ئۆز قىزىنى تىرىك كۆمۈۋېتىشمۇ بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر. بىر ئىنسان بىلەن بىر ئوتۇننى كېسىش ئۇلارنىڭ ئەقىل ئۆلچىمىدە ئوخشاش ئىش ئىدى. ھەتتا بۇنى نورمال بىر ئىش ھېسابلايتتى. ئۇ ئىنسانلاردىمۇ بىزگە ئوخشاش ئەقىل ۋە ھېس-تۇيغۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى تەتۈر ھەرىكەت قىلىدىغان بىر چاقىغا ئوخشاپ قالغاچقا ئۇلار ئەنە شۇنداق مۆلچەرگە زىت ھەرىكەت قىلاتتى.

يۇقىرىقى مىساللار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، يارىتىلىشتىن بىزدە مەۋجۇت بولغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئارزۇ-ئىستەكلىرى توغرا بىر يول كۆرسەتكۈچىگە، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج. لېكىن بۇ يېتەكلەشمۇ يارىتىلىشقا ئۇيغۇن بولىشى كېرەك. بۇ ۋەھيي تەربىيەسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەھيى

ئىلاھىنى بەندىلەرگە يەتكۈزىشى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئەكسىچە، يارىتىلىشىمىزغا ئۇيغۇن بولمىغان بىر شەكىلدە يېتەكلەنسە، بۇ پۈتۈنلەي يامانلىققا سەۋەپ بولىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتىدە قايسى ئالاھىدىلىك ئۈستۈن تۇرسا، ئۇنىڭغا زىت بولغان ئالاھىدىلىكنى يوق قىلىدىغان بىر رولغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق يۇقىرى ئورۇندا تۇرسا، يامانلىقنى تەسىر قىلالمايدىغان بىر ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر يامانلىق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا ياخشىلىقنى يوق قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بۇ خىل زىددىيەت كۆرىشى ئۆمۈر بويى داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتائالا پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىنى ئىنسانىيەتكە ھىدايەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت رەھبىرى قىلىپ ئەۋەتكەن. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ قول ئاستىدا تەربىيلەنگەن كىشىلەر، تەبىئىتىدىكى گۈزەللىكلەرنى بايقاپ چىقالىغان. ئۇلارنىڭ قىشقا ئوخشاش سوغۇق مىجەزلىرى باھاردىكى گۈلىستانغا ئايلانغان. قىز پەرزەنتلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تۇپراققا كۆمىدىغان جاھىلىيەتنىڭ ۋەھشىي ئىنسانلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرىگە ئايلانغان.

ھەقىقەتەن، ئىنسانلار پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن يولدا ماڭالىسا ئاللاھ رازى بولغان بىر بەندە بولۇپ ماختاشقا لايىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن نەپسى ۋە روھى ئارىسىدا كۆرەش قىلىپ ئىلاھىي ئىمتىھاندا مەغلۇپ بولۇپ، تۆۋەننىڭمۇ تۆۋىنى بولغان بىر سەۋىيەگە چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى دۇنيا ھاياتى ئادەم بالىلىرىنىڭ بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى تاللاشتا ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسان ئۆزىدىكى ئىجابىلىق ياكى سەلبىيلىككە بولغان مايىللىقنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر تەرەپكە يېتەكلەيدۇ. بۇ يېتەكلەش

نەپسى بىلەن روھنىڭ كۆرىشىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ جەرياندا ئىنسانلار ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر باغچىدا بولسا گۈزەل پۇراقلارغا پۈركىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا زىت بولغان بىر يەردە بولسا سېسىق پۇراقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەتراپىدىكى پۇراق ئەلۋەتتە ئۇنىڭغىمۇ سىڭىپ كېتىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە يول كۆرسىتىشكە، تەلىم-تەربىيەگە ئەڭ موھتاج بولغىنى ئىنساندۇر.

ئىنساننىڭ بۇ ئۆتكۈنچە ھاياتىدا زالالەتكە چۈشۈپ قېلىشى، ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدىكى توقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان. ئەسلىدە ئىنساندىكى بۇ خىل توقۇنۇش ئۇنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان پەزىلەتلىك ئەمەللىرىدىن ئۇنى يىراقلاشتۇرغان ئەڭ تۆۋەن ھايۋانىي رەزىللىكلەرنىڭ بىر يەردە بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيە كۆرمىگەن، قەلبى ھۇزۇرغا ئېرىشەلمىگەن ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، خۇددى نۇرغۇن ھايۋانلار بار ئورمانغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەز-خارەكتېرىگە قارايدىغان بولساق، ھەر بىرىدە بىر ھايۋاننىڭ خارەكتېرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بەزىلىرى تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەر، بەزىلىرى يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ، بەزىلىرى چۈمۈلىگە ئوخشاش ئاچكۆز، يەنە بەزىلىرى يىلانغا ئوخشاش زەھەرلىكتۇر. بەزىسى سىلاپ تۇرۇپ چىشلىسە، بەزىسى قانخور پاشىغا ئوخشاش قان شورايدۇ. يەنە بەزىلىرى ئالدىدا كۈلۈپ ئارقىسىدىن ئورا كولايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايرىم-ئايرىم ھايۋانلاردا مەۋجۇت بولغان خارەكتېرلاردۇر.

ئۆزىنى مەنىۋي تەربىيە ئارقىلىق نەپسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلالمىغان، شۇ سەۋەپلىك ساغلام بىر مىجەزگە ئىگە بولالمىغان ئىنسان مانا شۇنداق پەسكەش خۇيلارنىڭ چەمبىرىكى ئىچىدە

قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىدە بىر ھايۋاننىڭ خارەكتېرى بولسا، بەزىلىرىدە بىر قانچە ھايۋاننىڭ خارەكتېرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇتقان يوللىرى ئۇلارنىڭ بولمىغۇر خۇي-پەيلى چىرايىغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنداق مىجەزلىك كىشىلەرنى سېزىش قىيىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى، ئىچكى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە ئەسلا يالغان ئېيتمايدىغان ئەينەككە ئوخشايدۇ.

20 مىليون ئىنساننىڭ بېشى ئۈستىگە قۇرۇلغان كوممونىزم تۈزىمى ۋەھشىي، يىرتقۇچ بىر قەلبكە ئۆرنەك ئەمەسمۇ؟ بىر ئەلئىھرام ئۈچۈن نەچچە مىڭلىغان ئىنسانىنى تىرىك تۇرۇپ گۆرگە تىققان پىرئەۋنلەر، ئەسلىدە ۋەھشىي بىر زالىمنىڭ زۇلمىدىن ئۆرنەك ئەمەسمۇ؟ بۇلار نۇرغۇن نادانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەقلى دۇنياسىدا تېخىچە ھەۋەس قىلىدىغان ۋەھشىي شەخسلەردۇر. پەقەت ھەق ۋە ھەقىقەت كۆزى بىلەن قارالغاندىلا ئاندىن بۇلارنىڭ ئەڭ ۋەھشى يىرتقۇچلارنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە يىرتقۇچلىقتا ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ۋەھشىيلىك مەنزىرىسى نامايەن بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، تاشپاقا خارەكتېرلىك بىر ئىنسان ھاكىم بولغان بىر جەمئىيەت پاتقاقلىققا ئايلىنىدۇ. يىلان ۋە چايانغا ئوخشاش ئىنسانلار ھاكىم بولغان جەمئىيەتتە پۈتۈن بىر مىللەت زەھەرلىنىپ، تېرورچىلىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق باشلىنىدۇ. لېكىن گۈل مىجەزلىك ئىنسانلار ھاكىم بولسا پۈتۈن شەھەر گۈلىستان بولۇپ ئىنسانىيەت بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

شۇڭا ۋەھىي بىلەن تەربىيىلىنىش شەرت. بۇ تەربىيەدىن يىراقلاشقان كىشىلەر، يۇقىرىقىدەك ۋەھشىيلىكلەرنى قىلماي ئاز-تولا ياخشى ئىشلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ ھەر ۋاقىت شۇ ۋەھشىيلىكنى قىلىپ سېلىش ئېھتىماللىقى بىلەن ياشايدۇ. چۈنكى

ئىلاھىي تەربىيەنىڭ سىرتىدا ئېرىشكەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچىدۇر. قىيىنچىلىق ۋە نەپسى ئارزۇلار كۈچىيىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ئىلاھىي تەربىيەدىن مەھرۇم قالغان ئىنسانلاردا ھەر تۈرلۈك يامان ئارزۇ-ئىستەكلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى تەربىيە كۆرمىگەن كىشى خۇددى چاشقانغا ئامراق مۈشۈككە ئوخشايدۇ. ئۇنداق مۈشۈك ئۆزىگە بېرىلگەن گۈزەل يەملىرىنى يەپ تۇرۇپ بىر چاشقان كۆرسە، ئالدىدىكى يەمنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنتۇپ چاشقانغا يۈگۈرىدۇ. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانمۇ ئىلاھىي تەربىيە بىلەن تەربىيلەنمىگەن ۋاقىتتا قەلب سان-ساناقسىز گۈزەللىكلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ مۈشۈككە ئوخشاش كۆرگەن چاشقاننىڭ كەينىگە چۈشۈپ قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزمايدۇ ۋە ئىنساننى ھالاك قىلىدۇ. پىرئەۋن ۋە نەمرۇتنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ دائىم كىچىككىنە بىر چاشقاننىڭ ھەۋىسىنى قىلىپ نۇرغۇن گۇناھسىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرىۋالايمىز.

ئىلاھىي تەربىيەدە گۇناھسىز ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن كىچىككىنە بىر قۇل ھەققىگە كىرىپ قېلىشتىنمۇ قاتتىق ساقلىنىش كېرەكلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېشىل تالنىمۇ كېسىشتىن ئۆزىنى تارتقان. مەككىنى پەتھە قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا يولدا كۈچۈكىنى ئېمىتىۋاتقان بىر ئىتنى ئۈركۈتىۋاتماسلىق ئۈچۈن ئىسلام قوشۇنىنى باشقا يولدىن ئېلىپ ماڭغان ۋە يەنە بىر قېتىم بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسى ئالدىدا ئاچچىقلانغان ھالەتتە: "بۇ چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىنى كىم يىققاندۇ!" دەپ ئەجەپلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

مانا شۇ روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان ئوسمانلى خەلىپىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالغان مەرھەمەت ئۈلگىسى بىلەن ھەم ئىنسانلارغا ھەم مەخلۇقاتلارغا شەپقەت كۆرسىتىشتە يۇقىرى پەللىگە چىقىپ،

نۇرغۇن ۋەقىپلەرنى بەرپا قىلغان. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ ساغلاملىقىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋەقىپلەرنى بەرپا قىلغان. مانا شۇ مېھىر-مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى، ئەنە شۇ مەزگىللەردە دۆلىتىمىزگە ساياھەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن چەتئەللىكلەر، ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرىدە مۇسۇلمان مەھەللىلەردىكى ئىت-مۈشۈكلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقى، باشقا مەھەللىدىكى ئىت-مۈشۈكلەرنىڭ بولسا ئادەمنى كۆرۈپ بولغۇچە قاچىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ قانداق تەربىيە قىلىنغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر. قان تۆكۈپ، قان ئىچكەن ۋە شۇ قان بىلەن تۇپرىقنى سۇغۇرغانلارمۇ ئىنسان، موھتاج بولغانغا قېنىنى بېرىپ گۈل سۇنغانمۇ ئىنساندۇر.

بىر-بىرىگە زىت سەلبىي ۋە ئىجابىي خارەكتېرلىك ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بىر دۇنيادا بىللە ياشىشىنىڭ نۇرغۇن ھىكمەتلىرى بار. بۇ ئەھۋالنى بىر مىسال بىلەن ئىزاھلاشقا توغرا كەلسە، قوپال، خۇي-پەيلى يامان ھايۋانلارنىڭ ئېغىلىغا سولاپ قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېلىشقا مەجبۇر بولغان نازۇك بىر كېيىكنىڭ ئازابىغا ئوخشايدۇ. بەزىدە بېخىل بىر كىشى، سېخى بىر ئىنسان بىلەن؛ نادان بىرى ئالىم كىشى بىلەن؛ مېھرىبان بىر كىشى زالىم بىلەن بىرلىكتە ياشايدۇ. بېخىل، مەرھەمەتسىز، قورقۇنچاقتۇر، خىزمەت قىلىشتىن قاچىدۇ. بۇنىڭغا قارشى سېخىي كىشى بولسا، مېھرىبان، كەمتەردۇر، خىزمەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. نادان، ئالىمنى چۈشەنمەيدۇ؛ زالىم، ئۆزىنى ئادالەتلىك دەپ ھېس قىلىدۇ ۋە ھەر دائىم ئەتراپىدىكىلەرگە قارشى تۇرىدۇ. يەنى پەرىشتە روھلۇقلار بىلەن يىرتقۇچلارمۇ بىرلىكتە ياشايدۇ. بىرى ھەقنى تونۇپ، ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ ئۇنىڭغا يېتىش ئارزۇسى بىلەن ياشىسا، يەنە بىرى

تۆۋەن تەبىقىلىك مەخلۇقاتلارنىڭ خارەكتېرى بىلەن ياشاشنى بەخت ھېس قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھاياتى يەپ-ئىچىش، شەھۋەت، ھوقۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن ئىبارەت.

ئەسلىدە بىر-بىرىگە زىت بولغان خارەكتېرلارنىڭ ئارىسىدا ياشاش ناھايىتى مۈشكۈل بىر ئىمتىھان. لېكىن ئادەم باللىرى بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە مەجبۇردۇر. چۈنكى دۇنيا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئىلاھىي بەخت-سائادەتكە نائىل بولۇش ئىنساننىڭ ئەسلى غايىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار يامان سۈپەتلەردىن قېچىپ ياخشى سۈپەتلەرگە ئىنتىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئىنسانلىق شەرىپى ۋە قەدىر-قىممىتى بىلەن ياشىغان بولىدۇ. روھى جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان ئادەم باللىرى جىسمىي جەھەتتە تۇپراقتۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ روھى ئاللاھقا قايتقاندا جىسمى تۇپراققا قايتىدۇ. ئىنسان جىسمى بىلەن باشقا مەخلۇقاتلاردىكى سۈپەتلەرنى توشۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنى مەنىۋىي تەربىيەگە ئىگە قىلىپ نەپسىنى كونترول قىلىشى ۋە روھىنى كۈچلەندۈرىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا تاشقى دۇنياسىدا شەيتاننىڭ، ئىچكى دۇنياسىدا بولسا ئۆز نەپسىنىڭ ئازدۇرىشىغا مەغلۇپ بولۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنداق ۋاقىتتا روھىنىڭ كۈچى ئاجىز كېلىپ قالىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: «روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ.» (شەمس سۈرىسى 7-10-ئايەت)

بۇ ئايەتتە دېيىلگەن ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى فۇجۇر ۋە تەقۋالىقنى ھەزرىتى مەۋلانا مۇنۇ ئوخشىتىش بىلەن ئىزاھلايدۇ: ”ئەي

ھەقىقەتنىڭ يولوچىسى! ھەقىقەتنى بىلىشنى خالىساڭ، مۇسامۇ، پىرئەۋنمۇ ئۆلمىدى. ئۇلار بۈگۈن سېنىڭ ئىچىڭدە ياشاۋاتىدۇ، ئۇلار سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭغا يوشۇرۇنغان، ئۇلار سېنىڭ قەلبىڭدە كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان بۇ ئىككى كىشىنى ئۆزۈڭدە ئىزدىشىڭ كېرەك!“ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”جىسمىڭنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشما! چۈنكى ئۇ ئاخىرىدا تۇپراققا بېرىلىدىغان بىر قۇرباندۇر. لېكىن سەن قەلبىڭنى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىش! چۈنكى ئەرشى ئەلاغا كېتىدىغان ۋە سېنى شەرەپلەندۈرىدىغىنى سېنىڭ روھىڭ. جىسمىڭغا مايلىق ۋە ھەسەللىك نەرسىلەرنى ئاز بەر. چۈنكى ئۇنى ئارتۇق باققان كىشى، ئاخىرىدا نەپسانىي ئارزۇلارغا مەھكۇم بولۇپ، رەزىل بولىدۇ. روھقا پىشقان تەپەككۇر، ئىنچىكە ئويلاش ۋە مەنىۋىي غىزالار بەرگىنكى، ئاخىرىدا بارىدىغان يېرىگە كۈچلۈك ۋە قۇۋۋەتلىك ھالەتتە بارسۇن.“

تەربىيلەنمىگەن بىر نەپسنىڭ مىسالى، يىلتىزى قۇرۇپ كېتىشكە ئاز قالغان دەرەختكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى يوپۇرماق-شاخلىرى ۋە مېۋىلىرىدە نامايەن بولىدۇ. قەلبتە بىر كېسەللىك بولسا ئۇ بەدەننىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ قەلب كېسەللىكلىرى ئاداۋەت، ھەسەت، كىبىرگە ئوخشاش نەپسانىي ئىللەتلەردۇر. بۇ سەلبىي سۈپەتلەرنىڭ بىردىنبىر داۋاسى ئاللاھ بۇيرىغان ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىغا كىرىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

ئىنسان كىشىلىگىنى ئاللاھتائالانىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە بەرپا قىلىش ھەققىدە ئەڭ گۈزەل تەدبىر: ”ئۆرنەك ئېلىش“ ۋە ”تەقلىد قىلىش“تۇر!

## ئۆرنەك ئېلىش ۋە تەقلىد قىلىش خارەكتېرى

ئىنسان تۇغۇلغاندىن باشلاپلا ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىدە ئۆرنەك ئېلىشقا موھتاجدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ دىن، تىل، ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە ئوخشاش ھاياتىنى شەكىللەندۈرگەن پۈتۈن سۆز-ھەرىكىتى، چۈشەنچە-پىكرى، ئېتىقادى شۇنداقلا ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۆزى كۆرگەن ئۆرنەكلەر ۋە ئۈلاردىن ئالغان ئىجابىي تەسرات بىلەن شەكىللىنىدۇ.

مەسىلەن، بىر كىچىك بالا ئاتا-ئانىسى قايسى تىلدا پاراڭلاشسا شۇ تىلنى ئۆگىنىپ چوڭ بولىدۇ. كېيىن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قاراپ خىلمۇ-خىل تىللارنى ئۆگىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننى تەربىيەلەيدىغىنى نۇرغۇن تەسىرلەنگۈچى ئامىللار بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان تەقلىد قىلىش خارەكتېرى ئارقىلىق ئىجابىي ياكى سەلبىي ئىشلارنى تەقلىد قىلىشتۇر. ئىنسان ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسى ۋە ئەتراپىدىكىلەردىن ھەمدە ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئۆرنەك ئالىدۇ ۋە شۇ ئۆرنەكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ياخشى ياكى يامان بىر كىشى بولۇپ جەمئىيەتتىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئالىدۇ.

ئىنساننىڭ ئانا تىلىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بەزى نەرسىلىرىنى ئۆگىنىشى ئاساندەك بولسىمۇ، بىراق دىنىنى، ئەخلاقىنى ۋە مەنىۋىي دۇنياسىنى يېتىلدۈرۈشى مۈشكۈلدۇر. چۈنكى ئىلاھىي بىر ئىرادىنىڭ ئىنسانغا ئىمتىھان قىلىپ بېرىلگەنلىكى، يەنە كېلىپ ئىنساندىن ھەرگىز يىراقلىشىپ كەتمەيدىغان شەيتانى ھاۋايى-ھەۋەس توساقلىرى ئىنساننىڭ بۇ ئۇلۇغ پەزىلەتلەردىن ئۆرنەك ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان ئۆرنەك ئېلىش ۋە تەقلىد قىلىش خارەكتېرى ئارقىلىق ياخشى ياكى يامان كىشىلەرنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا

تىرىشىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ مەنىۋىي دۇنياسى، دىنى، ئەخلاقى پەيغەمبەرلەر ۋە ئاللاھ دوستلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلمىغۇچە غەپلەت ـ زالالەت ۋە كۇپۇرلۇققا مايىل بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتى ئېچىنىشلىق ھالەتتە خاراب بولىدۇ .چۈنكى بۇگۈن زالالەت ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر تۈركۈم مەشھۇر شەخسلەرنى ئۆزىگە ئۈرنەك قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىدا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق ھالدىكى ئىنسان ۋە مەدەنىيەت ئىسراپچىلىقىدۇر. قەلبلەرنى تىترىتىدىغان بۇ خىل ئەھۋال ئەسلىدە بوش قالدۇرۇلغان قەلب تەختىنى خاتا كىشىلەر ئارقىلىق تولدۇرۇپ زىيان تارتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەۋلانا روھنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى كونكرېت بىر شەكىلدە ئىپادىلەپ، ئىنسانلارنىڭ ئاجايىپ ئالدىنىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ”قويننىڭ بۆرىدىن قېچىشىغا ھەيران قالما. چۈنكى قويننىڭ دۈشمىنى ھەممە ئۇۋۇچىسى بۆرىدۇر. لېكىن ھەيران قالارلىقى شۇكى، قويننىڭ بۆرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدۇر. نۇرغۇن بېلىقلار باردۇركى، سۇ ئىچىدە ھەممە نەرسىدىن خاتىرجەم تۇرغان ۋاقتىدا گېلىنىڭ كەينىگە كىرىپ قارماققا ئىلىنىپ قالىدۇ.“

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان دائىم ئۆزىنى نەپسىنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قېلىنىشتىن ساقلاپ، ئىنچىكە روھ ۋە نازۇك قەلبلىك مەشھۇر شەخسلەرنى ئۆرنەك قىلىشقا موھتاجدۇر.

**ئۈلگىلىك شەخسلەر: پەيغەمبەرلەر**

بىر ئىنساننى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭ شەخسىيتى ۋە خارەكتېرىگە مەپتۇن بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىشقا تىرىشىش، ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىدە مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆرنەك ئېلىپ، ئۈلگە قىلىشقا ئەڭ مۇكەممەل بىرىنى تېپىپ شۇنىڭ يولىدا مېڭىشى ناھايىتى مۇھىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەزلى ـ مەرھەمىتى چەكسىز

ئاللاھتائالا ئادەم باللىرىغا پەقەت ۋەھيى كىتابلا ئەمەس، بەلكى شۇ كىتابلارنى جانلىق ئىپادىلەپ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان نۇرغۇن ئىسىل خىسلەت ۋە پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. ئۇلار دىنىي، ئىلمىي، ئەخلاقىي ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇكەممەل بىر ئۆلگىدۇر. شۇنداقلا ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر بىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنسانلارغا ئالاھىدە خىزمەت قىلغان ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى بولغان ئالىم-ئۆلىما، سالىھ كىشىلەرمۇ، دىنىنىڭ ئوچۇق-مەخپىي تەرەپلىرىنى لايىقىدا ئۆگىنىپ، ئۆزىنى زىننەتلىگەن. زاھىدلىق ۋە تەقۋالىق يولىدا قەلبى ئارقىلىق ئىلگىرلەپ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە مۇكەممەللىككە يەتكەن. ئەقىل-ئىدراكىنى كەڭرى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىمانىنىڭ لەززىتىنى تېتىپ، چوڭقۇر ھېس-تۇيغۇلارغا ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىنسانىيەتنى ناچار ئەخلاق ۋە نەپسانىي ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ گۈزەل ئەخلاققا يەنى ئۇلارنىڭ مەنىۋىي جەھەتتىن يېتىلىشىنى ئاشۇرۇش بولغان ئالىم، سالىھ مۆئمىن كىشىلەردۇر. ئۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ پەيغەمبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ مۇكەممەللىك پەللىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى كۆرۈش شەرىپىگە نائىل بولالمىغانلار ئۆرنەك ئېلىشقا تېگىشلىك جانلىق ئۆلگىلەردۇر. ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن تىل ۋە قەلبنى جانلاندۇرۇپ يېتەكلىشى ۋە نەسىھەتلىرى ماھىيەتتە پەيغەمبەرلىكنىڭ مەنبەسىدىن كەلگەن روھلاردۇر.

دۇنيانىڭ قەيىرىدە بولسۇن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن بىر ئادالەت كۆزگە چېلىقسا، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى بىر-بىرىگە باغلىغان مېھىر-مۇھەببەت ھېس قىلىنسا ياكى مەلۇم بىر جەمئىيەتتە بايلار مېھىر-مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ يوقسۇللارغا ياردەم

قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈۋاتقان، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى قوغداۋاتقان، ساغلام بولغانلار چارىسىزلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتەكلەۋاتقان، مال ئېگىلىرى يېتىملار ۋە تۇل ئاياللارنى تويغۇزۇۋاتقان بولسا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن بىلىڭكى بۇ پەزىلەتلەر دائىما پەيغەمبەرلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدە ماڭغانلاردىن كەلگەن بولىدۇ.

ھەزرىتى ئادەم ۋە ھەۋۋا ئانىمىزدىن باشلىغان بۇ ئىنسانىيەت ئائىلىسى ھۇزۇر ئىچىدە ياشاش بىلەن بىرلىكتە كەبە (بەيتۇللاھ) نى تۇنجى ئىبادەتخانا قىلغان. كېيىن ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەتراپقا تارقالغان ئادەم باللىرى، زاماننىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ پەيغەمبەرلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىلىق دىنىي ھاياتنى داۋاملاشتۇرغان. ئىلاھىي ھەقىقەتلەر زاماننىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بەزى بىر جاھىللار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىشكە باشلىغاندا، ئاللاھتائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق بۇ ئۆزگەرتىشلەرنى يوق قىلىپ ھەق دىننى ياشاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيان دائىم ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن توغرا يول كۆرسەتكۈچىگە ئېرىشىپ ئاخىرقى زامانغا قەدەر يېتىپ كەلدى.

ئاخىرىدا دۇنيا كۈننىڭ ئەسىر ۋاقتىغا ئوخشىغان "ئەسرى سائادەت" دەۋرى يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن دىنىي ھايات يەنە بىر قېتىم تاكامۇللۇققا ئېرىشتى. بارچە ئالەمنىڭ بىرىنچى كامالەتلىك ئورنىدا تۇرىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن دىننى قايتىدىن كامالەتكە يەتكۈزىدىغان يېڭى بىر شەخسنى تەسەۋۋۇر قىلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشىگە رەسۇلۇللاھ بىلەن خاتىمە بېرىلدى ۋە ئاللاھ ئۆزى رازى بولغان

دىن ئىسلام دىنىنى رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە مۇكەممەل يەتكۈزۈپ بولدى.

ئىنساننىڭ ئۆگىنىش ۋە يۆنىلىشىدە ئۆرنەك ئالىدىغان شەخس، ھاياتىدا كۆرسەتكەن ئەبەدىي ۋە ھەقىقىي مىساللار بىلەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك ئېلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەت بولسا شۈبھىسىز ئۇنىڭ خارەكتېرى ۋە كىشىلىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن ياخشى كۆرۈشتۇر.

# ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىمىز؟

## قەلب ۋە ئەقلنى ئىشلىتىش

ئاللاھتائالا ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن بولغان شەرەپنى ئېھسان قىلغان. يەنە كېلىپ ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە مەۋجۇدىيەتنى ئىنسانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. ھەقىقەتەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تەپەككۇر قىلالايدىغان ئىنسان ئۈچۈن نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار.

ئاللاھتائالانىڭ بەرگەن نېمىتى ۋە ئۇ نېمەتلەرنىڭ بىزگە نېمە ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى تەپەككۇر قىلىش ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىمىزدۇر. بىز قەلبىمىز ۋە ئەقلىمىزنى ئەڭ توغرا ئۇسۇلدا ئىشلىتىشكە مەجبۇرمىز.

ئەقلنى قانداق ئىشلىتىمىز؟

ئەقىل نەپسنىڭ كەينىگە كىرمەستىن بەلكى ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە مەستخۇش بولىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئىمتىھان دۇنياسى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

قەلبنى قانداق ئىشلىتىشىمىز كېرەك؟

قەلب ئاللاھتائالاغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت ماكانى ۋە ئىلاھىي نەزەرگاھتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەلب ھەر تۈرلۈك گۇناھ-مەئسىيەتتىن پاك تۇتۇلىشى، زىكىر ۋە تەۋھىد بىلەن زىننەتلىنىشى، ئاللاھتائالانىڭ دەرگاھىغا پاك ھالەتتە ئېلىپ كېلىنىشى كېرەك. مانا مۇشۇ ۋەجىدىن ئېيتقاندا:

## يېگانە ئۆرنەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئاللاھتائالا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ چەكسىز پەزلى-كەرىمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە 1400 يىل ئىلگىرىسىگە قەدەر 124 مىڭ پەيغەمبەر كەلدى. ئاللاھتائالا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن پەيغەمبىرىنى ئاخىرىدا ئەۋەتتى. ھەر بىر پەيغەمبەرنى بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلدى. ئۇ پەيغەمبەرلەر قەۋمىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۇلارغا ھەق يولنى كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، قىيامەتكە قەدەر بولغان زاماننى ئۇنىڭ ھەقنى يەتكۈزىشىگە تاپشۇردى.

ئاللاھتائالا كۇفۇر ۋە جاھالەتنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك كۈنلىرىدە ئۇنى يالغۇز ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت رەھبىرى قىلىپ ئىنسانىيەتكە قۇياش مىسالى ھەدىيە قىلىپ، بىزگە ئېھسان قىلدى.

## مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى

ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ بۈيۈك مۆجىزە قۇرئان كەرىمنى ئاتا قىلدى. قۇرئان كەرىم قىيامەتكە قەدەر ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قىيامەتكە قەدەر كەلگەن پۈتۈن ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بۇ مۆجىزىنى كۆرىدۇ ۋە يېقىندىن تونۇيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ مۆجىزە بىلەن شۇنداق بىر جەمئىيەت بەرپا قىلدىكى، ئۇ جەمئىيەتكە "سائادەت دەۋرى" دەپ نام بېرىلدى. دۇنيادا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى بىر جەمئىيەت يوق. چۈنكى ئۇ دەۋردە نادانلىقتا ھىندى ئوكيانىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئىنسانلاردىن پەزىلەت جەھەتتە

ھىمالايا تېغىنىڭ ئەڭ چوقسىغا يەتكەن ئىنسانلار مەيدانغا كەلدى. قىزلىرىنى تىرىك كۆمىۋېتىدىغان ۋەھشىي بىر قەۋم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم-مەرىپىتى، پاك روھانىيىتى بىلەن دىجلە دەرياسى ئەتراپىدىكى بىر بۆرىنىڭ ئاجىز بىر قوزىنى يەم قىلىشىغا تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە مېھىر-شەپقەت ۋە مەسئۇلىيەت ھېسسى بىلەن تولغان بىر قەلبكە ئىگە بولدى. پەقەت مانا شۇ مۇۋەپپەقىيەتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچىلىك مۇكەممەل بىر ئۆرنەك شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە كۇپايە.

## كۆر كىشلەر قۇياشنى سۆمۈرىدۇ

ئەگەر قەلبلەر كۆر بولمىسلا رەسۇلۇللاھنى چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر ئالغاي بولمىسلا ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئاجىزلىقنى تاپالمايدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن ئېيىپ تېپىشقا تىرىشقانلار، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

تارىخ بەتلىرى قەۋملەرنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان زۇلمى بىلەن تولغان. چۈنكى پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن ئىلاھىي ھەقىقەتلەر بەزى ئىنسانلارنىڭ نەپسانىي ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بۇ گۈزەللىكلەردىن بىئارام بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزىنىڭ ياشاۋاتقان نەپسانىي ھاياتىنىڭ نورمال قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى پەيغەمبەرلەرگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كۈنىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق قىلىنغان تۆھمەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتە شۇ تۆھمەتلەرنى چاپلىغان كىشلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقى ۋە بەدبەختلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھەر بىر جانلىق پەقەت ئۆزىگە ماس كېلىدىغان بىر جايدا ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئىنسانمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس!

مەسىلەن، يېمەك-ئىچمىكى ۋە تەنەپپۇسى گۈللەرنىڭ ئارىسىدا بولغان ھەسەل ھەرىسىنى، ئۇ كۆنۈپ كەتكەن گۈل باغچىسىنىڭ سىرتىدا ياشىتىش مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش، ئەكسىچە مەينەت يەرلەردە ياشاپ كۆنۈپ قالغان چاشقاننى گۈل باغچىسىدا تۇتۇپ قېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. ئالى روھلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتى بىلەن غىزالانغانغا ئوخشاش، پاسىق روھلارمۇ يامان غەرەزلەر بىلەن ئارام تاپىدۇ.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىماسىغا قاراپ: "پاھ نېمىدېگەن گۈزەل!" دەپ ھەيران قالاتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى نامايەن قىلىش ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئەبۇ بەكرىنىڭ مېلىدىن پايدىلانغاندەك باشقا بىرىنىڭ مېلىدىن پايدىلىنىپ باقمىدىم." دېگەن سۆزىنىڭ ئالدىدا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي: "مەن ۋە مېلىم پەقەت سەن ئۈچۈن ئەمەسمۇ يا رەسۇلۇللاھ؟!" (ئىبنى ماجە، مۇقەددىمە، 11) دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھەممە نەرسىسى بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاتىغانلىقى ۋە دائىم شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ئەينەككە ئوخشاپ قالغان ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئەبۇ جەھىلمۇ ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزىدىن باشقىچە تەسىرلىنەتتى ۋە ئۇ نۇرلۇق چىرايدىكى گۈزەللىكنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالاتتى. بۇ خىل پەرىقنىڭ سەۋەبى ھەر ئىككىلىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈشىدە ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەرلەر زىننەتلەنگەن بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ. ھەر بىر ئىنسان ئۇ ئەينەككە قاراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى نامايەن

قىلىدۇ! ھېچقانداق بىر ئەينەك ئىنساننىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ چىرايلىقنى سەت، سەتنى چىرايلىق كۆرسەتمەيدۇ! ئالدىدىكى قانداق نەرسە بولسا ئۇنى شۇ پېتى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاللاھتائالا ئىسلامنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالغان. مۇسۇلمانلارغا، قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى ئىلاھىي ئىنتىقامغا دۇچ كېلىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

ئۇلار قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەن دۇنيالىرىدا يىلانغا ئوخشاش كېزىپ يۈرگەن، بەزىدە ئىز قوغلاش ھالقىلىرى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان زەھەرلىك ئېغىزلىرىنىڭ ۋە ئەقىلسىز قەلەملىرى ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان پاك، تەقۋادار كىشىلەرنى رەنجىتىدۇ. شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنىڭغا ئېھسان قىلغان ھەقكە ۋە ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ھېسلىرىنى يوق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دىنسىزلىق، زۇلۇم-ستەم كەڭ تارقالغان تەقدىردىمۇ، قەلبلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يەرلەشتۈرۈلگەن دىنىنىڭ ياشىرىپ چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. بەندىنىڭ رەببىگە يېقىنلىشىش ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. چۈنكى ئىلاھىي قۇدرەت، دىنغا بولغان ئېھتىياج ۋە رەببىگە بولغان يېقىنلىق ئاللاھتائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ھەزرىتى مەۋلانا ھەقىقەتكە قارشى ئەما بولۇپ، ئىلاھىي نۇرنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن غەيرەت قىلىدىغان نادانلارنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: "دۇنيانى يورۇتقان قۇياشنى يوشۇرۇش، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەش، مېنىڭ ئىككى كۆزۈم كوردۇر، كۆرەلمەيدۇ دەپ ئۆزىنى كەمسىتكەنلىك ۋە ئۆزىنى خار قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ بىرىنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەيىبىنى ئاشكارا قىلىشنى خالىسا، ئۇنىڭ قەلبىگە، پاك كىشىلەرنى ئەيىپلەش ۋەسۋەسىسىنى سالىدۇ"

ئىنسانىيەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت چاپلاشنىڭ ئورنىغا رەسۇلۇللاھقا بولغان مىننەتدارلىقنى قانداق ئىپادىلەشنى ئۆيلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ۋاپاتىغا قەدەر ئىنسانىيەتنىڭ قۇتۇلۇشى ۋە ھىدايىتى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتى ئاتا-ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ كۈچلۈكتۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر پەيغەمبەركى، ھېچبىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئوخشاش قورقىتىلمىغانلىقى، ئەزىيەت ۋە مۇشەققەت تارتمىغانلىقى، ئاچلىققا دۇچ كېلىپ باقمىغانلىقىنى بايان قىلغان. (تىرمىزىي، قىيامەت، 2472/34) لېكىن ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇنىڭدىن قەتئىي شىكايەتچى ئەمەس. لېكىن ئۈممىتىنىڭ چەككەن ئازابلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۈچىلايتتى. ئۇ شۇنداق مەرھەمەتلىك ۋە ئۈممىتىنى ئويلايدىغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. دۇنيادا بىزنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن كۈچ چىقارغانغا ئوخشاش مەھشەر كۈنىدىمۇ ئەرشنىڭ ئاستىدا بىزنى ئويلايدۇ ۋە سەجدىگە باش قويۇپ بىزگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن دۇئاسى قوبۇل بولغىچە ئاللاھقا يىلىنىپ دۇئا قىلىدۇ. بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىمىزنى ئويلاپ شاپائەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلغان پەيغەمبەرگە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىزمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك بىر ئۈممەت بولىشىمىز ۋە ئۇنى جاندىن ئەزىز كۆرۈپ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىر قەلبكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟

### ئاشىق مەشۇقىغا ئەگىشىدۇ

ھەدىستە: "كىشى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بىللە" دېيىلگەن. (بۇخارى، ئەدەپ، 96)

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانچىلىك ياخشى كۆرىمىز؟ ھەقىقىي بىر سۆيگۈنى سۆيگەن كىشى بىلەن سۆيۈلگەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق سۈپىتىدە چۈشىنىپ ياشاش كېرەك. فىزىكىدىكى بىرلەشمە قانۇن نەزىرىيىسىگە ئوخشاش، ھەقىقىي ئورتاقلىق؛ خۇي-مىجەزنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشى، خارەكتېر ۋە شەخسىيەتتىكى ئورتاقلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. كىشىنىڭ سۆزى، ئىش-ھەرىكىتى، ھېس-تۇيغۇسى جۈملىدىن پۈتۈن ھاياتى ياخشى كۆرگىنى بىلەن بىردۇر. يەنى سۆيگۈدە بۇنداق ئورتاقلىق بولمىسا ۋە ئاشىق كىشى مەشۇقى بىلەن ئورتاق يول تۇتمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئاشىقى بىلەن بىرگە بولالمايدۇ . ئۇنداق كىشى ھەقىقىي ئاشىقلاردىن ئەمەس.

شۇڭا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانچىلىك ياخشى كۆرىمىز؟ ئۇنىڭ سۈننىتىگە قانچىلىك ئەمەل قىلىمىز؟ ئەۋلاتلىرىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قانچىلىك سۆزلەپ بېرەلەيمىز؟ ئۇنىڭ ئىككى بۈيۈك ئامانىتى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە ئەھلى بەيت بىلەن قانچىلىك قەلبىي باغلىنىشلىقىمىز بار؟ ئائىلىمىز قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھى بىلەن تولغان ئەھلى بەيت ئائىلىسىدىن قانچىلىك ئۆرنەك ئالالىدى؟

**ئۇنىڭغا ئەگىشىش قەلبىي تەربىيە تەلەپ قىلىدۇ**

بۇ ئۆتكۈنچە پانى دۇنيادا ۋە پەرياد مەيدانى بولغان مەھشەردىكى بەخت-سائادىتىمىز ئۈچۈن ھاياتىمىزنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك قىلىپ ياشاش زۆرۈردۇر. ئۇنى ئىجتىمائىي ھاياتىمىز، ئائىلە ھاياتىمىز ۋە ئىش ھاياتىمىزدا ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇ ئەڭ توۋەن تەبىقىدىن تارتىپ ئەڭ يۇقىرى تەبىقىگە قەدەر پۈتۈن ئىنسانلارغا يېگانە ئۆرنەكتۇر.

ئۇنىڭدىن قانداق ئۆرنەك ئالىمىز؟ بىر كىتاب ئوقۇش ئارقىلىقمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. بەلكى ئۇنىڭ بارچە تەرەپلىرىنى كۆڭلىمىزدە ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۆرنەك ئالىمىز. ئاللاھتائالا بۇنىڭ ئۇسۇلىنى قۇرئان كەرىم ئەھزاپ سۈرىسىنىڭ 21-ئايىتىدە روشەن بىر شەكىلدە مۇنداق بىلدۈردى: «سىلەرگە ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە —رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»

بۇنىڭ بىرىنچى شەرتى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىمىزنى ئۇنۇتماستىن ياشاش.

ئىككىنچى شەرتى، ئاخىرەت كۈنىگە يېتىشنى ئۈمىد قىلىش ۋە بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە پانى دۇنيانى زىيادە ياخشى كۆرمەسلىك. بۇنى ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق بايان قىلىدۇ: ”دۇنيا ھاياتى بىر چۈشتىن ئىبارەت. بۇ دۇنيادا مال-دۇنيا ئىگىسى بولۇش چۈشىدە دەپىنە قىلىنغانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى دۇنيا ماللىرى ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ پانى دۇنيادا قېلىپ، ھەرگىزمۇ باقى دۇنياغا ئېلىپ كېتىلمەيدۇ.“

بۇ سەۋەپتىن ئۆزىمىزنىڭ ئىمتىھان دۇنياسىدا ئىكەنلىكىمىزنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز ۋە نەپسانىي ئارزۇ-ئىستەكلىرىمىزنى يۇقۇتۇپ، قەلبىمىزنى پاكلىشىمىز كېرەك. قەلبىمىزنى شۇنداق بىر ھالەتكە كەلتۈرىشىمىز كېرەككى، ئاخىرەت بىزنىڭ جەم بولۇش مەيدانىمىزغا ئايلىنىشى كېرەك. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئۆرنىكىدىن نېسىۋە ئېلىشىمىز شەرت. شۇنداق قىلغاندىلا ئاللاھتائالانىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان جەننىتىگە ۋە مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايمىز.

ئۈچىنچى شەرتى، قەلب ئاللاھتائالانى كۆپ زىكىر قىلىشى ۋە ئاللاھتائالا بىلەن داۋاملىق بىللە بولۇشى كېرەك. قانچىلىك بىللە بولۇشى كېرەك؟ بۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكى ئايەتتە: «ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ....» دېگەن ئايەتتە ئىپادىلەنگەندەك. (ئال ئىمران 191 ـ ئايەت)

يەنى داۋاملىق بىرگە بولۇشى كېرەك. رەببىمىزنىڭ بىزگە شاھ تومۇرىمىزدىنمۇ بەكرەك يېقىنلىقىنى ئەستىن چىقارماستىن، ھەر ۋاقىت ئىلاھى كامىرانىڭ كونتروللىقىدا ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىشىمىز، ئاللاھ تەرەپكە يېقىنلىشىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە بىز**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەستىن ئاللاھقا يېقىنلىشىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىممىتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ (ھەقىقەتەن) پەيغەمبەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار» (ئەھزاپ سۈرىسى 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھتائالا ۋە پەرىشتىلەرمۇ ياراتقان مەخلۇقاتى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللىماقتا. بۇنىڭ ھەقىقىتىنى قەلبىمىز ۋە ئەقىل ـ پاراستىمىزنىڭ ھېس قىلىپ يېتىشى ناھايىتى مۈشكۈل. ئاللاھتائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتىغا قانداق دۇرۇت ۋە سالام يوللايدۇ؟ بۇ جەھەتتە بەزى ئىزاھاتلار بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئىلاھىي سىردۇر. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى

ئاللاھتائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايرىم بىر مۇھەببەت ۋە سۆيگىسى بار. ئاللاھتائالا بىزنىڭمۇ بۇنىڭ ھەققىتىگە يېتىشىمىزنى خالايدۇ ۋە مۇنداق ئەمر قىلىدۇ :«ئى مۆئمىنلەر!سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار» (ئەھزاپ سۈرىسى 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ دۇرۇت ۋە سالام تىلىمىز بىلەنلا زىكىر قىلىش بولماستىن بەلكى ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئائىلە ھاياتىمىز، ئىش ھاياتىمىز، ئىنسانلارغا قىلغان مۇئامىلىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دائىما دۇرۇت ۋە سالام يوللاپ تۇرىشىمىز لازىم. ھەر دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە ھاياتىمدىن، تىجارىتىمدىن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇئامىلەمدىن، ئىش ـ ھەرىكىتىمدىن، پەرزەنتلىرىمنى تەربىيلىشىمدە تۇتقان يولۇمدىن، ئىبادەت ھاياتىمدىن خۇرسەن بولامدۇ؟ دەپ ئويلاپ تۇرىشىمىز كېرەك. بۇ سوئاللارنى بۈگۈن ئۆزىمىزدىن سوراپ نەپسىمىز ۋە قەلبىمىزنى ھېسابقا تارتىپ، ئۆزىمىزنى سوراق قىلىپ تۇرمىساق ئاخىرەتتە مەھشەر كۈنى ھېساپ ۋە مىزانىمىز تېخىمۇ دەھشەتلىك بولىدۇ. شۈبھىسىزكى قىيامەت كۈنى ھەممىمىزگە:

اِقْرَاْ كِتَابَكَ كَفٰى بِنَفْسِكَ الْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيبًا

«(ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمەلىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ. (ئىسرا سۈرىسى 14 ـ ئايەت)

ئۇ كۈنى ئەمەل دەپتىرىمىزدە ئوچۇق ـ مەخپى قىلغان ھەممە ئەمىلىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ ھايات فىلمىنى ئۆزىمىز كۆرىمىز. نامازلىرىمىزنى قانداق ئوقۇغان ئىدۇق؟ روزىمىزنى قانداق تۇتقان ئىدۇق؟ پەقەت كۆرىنىشتىلا ئىبادەت قىلدۇقمۇ؟ ياكى روھىمىز ۋە قەلبىمىز بىلەن ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلدۇقمۇ؟ ئاللاھنىڭ دۇنيادا

بىزگە ئاتا قىلغان سان ـ ساناقسىز نېمەتلىرىگە قارىتا نېمە قىلدۇق؟ بىزگە بېرىلگەن پاك روھ، ئەقىل، پۇل، مال ـ مۈلكىنىڭ قانچىلىكىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلالىدۇق؟ قانچىلىكىنى بىكارغا ئىسراپ قىلدۇق؟ ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆردۇق ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىنى قانچىلىك ئۆزلەشتۈردۇق؟ بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى ئەتىكى قىيامەت كۈنىدە بىزگە كۆرسىتىلىپ ھېساب ئېكرانىدا نامايەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلار دوزاخقا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ» (فۇسسىلەت 21 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ ئۆزىمىزدىن ھېساپ ئېلىپ تۇرىشىمىز كېرەك. كۆزلىرىمىز نېمىلەرنى كۆرمەكتە؟ قۇلاقلىرىمىز ئىلاھىي ۋەھيي ۋە پەيغەمبەر مىراسىنى قانچىلىك ئاڭلاۋاتىدۇ؟ بەدىنىمىز ۋە ئىمكانىيىتىمىزنى ھەق يولىدا قانچىلىك ئىشلىتەلىدۇق؟

خۇلاسە قىلساق، قولىمىزدا يېتەرلىك پۇرسەت بار ۋاقتىتا ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشىمىز كېرەك.

## سۆيگۈ ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىمتىھانى

بارچە ئىنسانلار دۇنيادىن ئىبارەت ئىلاھىي بىر ئىمتىھان مەكتىپى ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ مەكتەپتىكى مۇھىم ئىمتىھانلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا سۆيگۈ، ئىتائەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقتۇر. ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار» (مۇھەممەد سۈرىسى 33 ـ ئايەت)

«ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك،

پەيغەمبەرگە (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ» «شۈبهىسىزكى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى ئاللاھ تەقۋا ئۈچۈن سىنىغان، ئۇلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ» «شۈبهىسىزكى، سېنى ھۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن تووۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر» (ھۇجۇرات 1 ـ 4 ـ ئايەت)

دېمەككى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بولغان نازاكىتىمىز، ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشىمىز قەلبىمىز ئۈچۈن بىر تەقۋالىق ئىمتىھانىدۇر. بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمىزنى ئىپادىلەش ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش يۇرىستىمىزدۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قوپاللىق قىلىپ، ئاۋازىنى يۇقىرى قىلغان، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان كىشىلەر ئەقلسىز، ئازغۇن كىشىلەردۇر.

ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى قانداق ئۇلگە قىلىشىمىز كېرەكلىكى ۋە ھاياتىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن قانداق ئۆلچىشىمىز كېرەكلىكىدۇر؟ بۇ ھەقتە قۇرئاننىڭ بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن تەلىماتى شۇ:

«كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.» (نىسا 80 ـ ئايەت)

## ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىكى ئۆلچەم

ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام بايان قىلغان تۆۋەندىكى قىسسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى گۈزەل بىر ئۆرنەكتۇر: "بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "يا رەسۇلۇللاھ! سەن ماڭا جېنىمدىن باشقا ھەممە نەرسەمدىن سۆيۈملۈك!" دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياق، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا جېنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغانغا قەدەر ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلاردىن بولمايسەن!" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئۇنداق بولسا ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا ھازىردىن باشلاپ جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكسەن يا رەسۇلۇللاھ!" دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مانا ئەمدى بولدى ئەي ئۆمەر!" دېدى. (بۇخارى، ئەيمەن، 3)

بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەنە شۇنداق بىر مۇھەببەت بىلەن ئەگىشىشىمىز ۋە ئۇنى قەلبىمىزنىڭ يېگانە سۇلتانى، ھاياتىمىزنىڭ رەھبىرى قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇنى ياخشى كۆرۈش بىز ئۈچۈن پەرزدۇر. ئاللاھتائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

اَلنَّبِيُّ اَوْلٰى بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ اَنْفُسِهِمْ

«پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر.» (سۈرە ئەھزاب 6 ـ ئايەت) شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ھەدىس شېرىپتە ھەقىقىي ئىماننىڭ شەرتى بولۇپ

زىكىر قىلىنغان: "جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى؛ سىلەرنىڭ بىرىڭلار، مېنى ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئەۋلاتلىرىدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگۈچە مۆئمىن بولمايدۇ." (بۇخارى، ئىمان، 8) بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كىچىك بىر ئارزۇسىغىمۇ: "ئاتا ـ ئانام، ھاياتىم ۋە بارچە نەرسەم ساڭا پىدا بولسۇن يا رەسۇلۇللاھ!" دەپ تۇرۇپ، ئۇنى بەجا كەلتۈرۈشكە يۈگۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنى ئەمەلىي خىزمەتلەر بىلەن ئىپادىلىگەن.

بۇ مۇھەببەتكە پەرۋا قىلماسلىق ياكى ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش نادانلىقنىڭ ئالامىتى، چېكىدىن ئېشىش بولسا قۇتۇلۇش رېتسىپىدۇر.

**ئۇنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالامىتى**

ئىنسان مەلۇم بىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرسە ئۇنى شۇ قەدەر كۆپ تىلغا ئالىدۇ. ھەر پۇرسەتتە ياخشى كۆرگەن كىشى ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بۇ خۇددى ئۆزىنى پەقەت تىجارەت ئۈچۈنلا ئاتىۋەتكەن بىر ئادەم دائىم شۇ خىزمىتى ھەققىدە سۆز قىلغانغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، مۇنداق قىلىپ مانچە پايدا ئالدىم، مۇنداق قىلىپ مانچە زىيان تارتتىم دېگەنگە ئوخشاش. بەزى پەرزەنتلىرىگە زىيادە ئامراق ئىنسانلارنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە پەرزەنتى ھەققىدە سۆز قىلغىنىغا ئوخشايدۇ.

ساھابە ـ كىرام ۋە ئەۋلىيالارغا ئوخشاش رەسۇلۇللاھ ئاشىقلىرىمۇ دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۇنىڭغا قايىل بولغان ھالەتتە سۆز قىلىدۇ ۋە ئۇ سۆزلىرىدىن تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ . مانا بۇ رەسۇلۇللاھنى ھەقىقى ئۆرنەك ئېلىش ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇش ئارزۇسى بىلەن تولغان

بىر پەيغەمبەر مۇھەببىتىدۇر! ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېقىندىن تونۇپ ياخشى كۆرۈشنى ھەممىمىزگە نېسىپ قىلسۇن! ئامىن!

دۇنيانىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ سەۋەبى بولغان "مۇھەببەت" تىكى سىرلاردىن بىرى، ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىنىڭ يولىغا كىرىشىدۇر. چۈنكى ياخشى كۆرگەن كىشى، قانچىلىك كۈچسىز ۋە ئىقتىدارسىز بولسىمۇ ياخشى كۆرگەن كىشىسى ئۈچۈن بىر نەتىجە قازىنالايدۇ.

## ئۇنى لايىق بولغان بىر شەكىلدە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر سەپەر جەريانىدا مۇسۇلمان بىر قەبىلىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالغاندا، قەبىلە باشلىقى ئۇنىڭغا: "بىزگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسەن؟" دېدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ، تەپسىلى تەسۋىرلىشىمنى تەلەپ قىلساڭ بۇ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس!" دېدى. قەبىلە باشلىقى: "بىلگىنىڭنى بايان قىل! ئۇنى قىسقىچە قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرگىن!" دېگەندە خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ جاۋابنى بەردى:

اَلرَّسُولُ عَلٰى قَدْرِ الْمُرْسِلِ

"ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگۈچى ئەۋەتكۈچىسىگە قاراپ بولىدۇ!" (ئەۋەتكەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغىنىغا قارىغاندا، ئەۋەتىلگەنىنىڭ شان-شەرىپىنى سەن بىر ھېسابلاپ باق!)

ئاللاھتائالا، قەلبىمىزگە ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىدىن بەخش ئەتسۇن! ھاياتىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتى بىلەن گۈزەللەشتۈرۈشكە نېسىپ قىلسۇن! ئامىن!

## خاتىمە

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىش يولىدا قايسى نوقتىدا ئىكەنلىكىمىزنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھاياتىمىزنى يۇقىرىقىدەك نەبەۋىي تارازىلار بىلەن تارتىشىمىز لازىم. ھاياتىمىزنى ئۇنىڭ ئۈممىتىگە لايىق بىر شەكىلدە ياشاپ ئىبادەتلىرىمىز، ئىش-ھەرىكەتلىرىمىز، ھېس-تۇيغۇلىرىمىز، بۇگۈنىمىز ۋە ئەتىمىزگە قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا ۋە ئاخىرىتىمىزگە ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى كىرگۈزۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسگە ئوخشاش ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. كائىناتنىڭ نۇرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەقلىد قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ياخشى تونىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا ئەگىشىشىمىز لازىم.

بىر ئېتىزدىكى مەھسۇلاتلار ئۈستىگە يامغۇر سۈيى، قۇياش نۇرى چۈشمىگۈچە مايىسلىمايدۇ. قەلبىمىزنىڭ مۇنبەت بىر تۇپراققا ئوخشاش پايدىلىق ھالەتكە كېلىشى، ئىنسانىيەتكە ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك بولغان كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەپتۇن بولىشى بىلەن مۇمكىندۇر.

چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارچە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن بولغىنى، پەزلى-كەرەمنىڭ تۈگىمەس مەنبەسى، دۇنيادىكى پۈتۈن نازۇ-نېمەت، بەرىكەت ۋە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ سەۋەبىدۇر. ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي ھەقىقەتلەر بىلەن تولغان قۇرئان

كەرىم ئۇنىڭغا نازىل بولۇش ئارقىلىق ئىمان دۇنياسىغا ئېھسان قىلىنغان.

بۇ ئىزاھاتلارنىڭ ئومۇمىي ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياكى ئۇنى ئازغىنە ئەسلىشىمىزگە تۈرتكە بولغان ھەر قانداق نەرسىنى قانچىلىك ھۆرمەتلىسەك ئەرزىيدۇ! چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر "مۇتەئال" بولغان يەنى خىيال ۋە ئەقىل بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئاللاھتائالا تەرىپىدىن "ھەبىبىم" خىتابىغا نائىل بولغان. كائىناتنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ، چەكسىز پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە "دۇرۇت ۋە سالام" يوللايدىغان بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ كامالەتكە يەتكەن پەزىلىتىگە يېقىنلىشىش، ئۇنى ئەقىل ۋە تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغدۇرۇش، سۆز بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاخىرغىچە سۈكۈت قىلىشتىن باشقا چارە يوق. ئۇنى تەسۋىرلەپ بەرگەن تىللار مۇتلەق ئاجىز ھالەتتە بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىپادىلىنىشى دېڭىز-ئوكياندىن تاشقان بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ .

ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن باشقىسىنى ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيدىغان، باغنىڭ ساختا گۈللىرىگە ئالدىنىپ كەتمەيدىغان مۆئمىنلەر نېمىدىگەن بەختلىك!

ھەر تىنىقىمىزدا ئۇنىڭ روھىدىن نەپەس ئېلىپ رەببىمىزگە قايتايلى! ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى ئىسپات قىلىپ رەببىمىزگە يالۋۇرايلى!

ئول سەييىدۇل كەۋنەين[14] مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام بولسۇن!

ئول رەسۇلۇسسەقەلەين[15] مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام بولسۇن!

---

14. سەييىدۇل كەۋنەين: ئىككى ئالەمنىڭ خوجىسى

15. رەسۇلۇسسەقەلەين: ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ پەيغەمبىرى

ئول ئىمامۇل ھەرەمەين[16] مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام بولسۇن!
ئول جەددۇل ھەسەنەين[17] مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام بولسۇن!

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰى اٰلِهِ

وَصَحْبِهِ وَبَارِكْ وَسَلِّمْ

ئاللاھتائالا ئەبەدىي بەخت-سائادەتنىڭ رەھبىرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈرنەك كىشىلىكىدىن لايىقىدا نېسىۋىمىزنى ئېلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرىتىمىزنى ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىلەن گۈزەللەشتۈرۈشكە نېسىپ قىلسۇن! ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدىن قەلبىمىزگە بىر خۇشاللىق ئاتا قىلسۇن! قەلبىمىزنى ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنىڭ سۆيگۈسى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ماكان قىلسۇن! ئاللاھتائالا ھەممىمىزنى ئۇنىڭ شاپائەتىگە نائىل قىلسۇن! ئامىن!

16. ئىمامۇل ھەرەمەين: ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى
17. جەددۇل ھەسەنەين: ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ بوۋىسى

# ئۇنىڭغا ئۈممەت بولۇش ئەڭ بۈيۈك شەرەپ

ئۇ شۇنداق بىر رەھمەت پەيغەمبىرىكى، قەيەردە بىر گۈزەللىك بولسا، ئۇنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئۇشبۇ گۈزەللىك ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن يارىتىلغان. دۇنيادا ئۇنىڭ نۇرى بولماستىن قانداقمۇ بىر چېچەك ئېچىلسۇن؟! ئۇ ھېچ سولمىغان، ئەكسىچە كۈنسېرى يېڭىلىقى ۋە گۈزەللىكى تېخىمۇ نامايەن بولۇپ تۇرىدىغان سەراپا (باشتىن ئاخىرغىچە) نۇرى غۇنچىسىدۇر.

ھەقىقىتى مۇھەممەدىيەگە يېقىنلىشىش، ئەقلىدىن بەكرەك قەلبىنىڭ ئىشىدۇر. ھەقىقىتى مۇھەممەدىيە ئالدىدا بىزنىڭ ئەقىل-ئىدراكىمىز، مېتافىزىكا ھەققىدە بىرنەرسە بىلىدىغان كىچىك بىر بالىنىڭ ئەقلى بىلەن تەڭدۇر.

ئاللاھتائالا ئىسلام بىلەن غايە قىلغان ”كامىل ئىنسان“ ئۆرنىكىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا نامايەن قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن تەڭداشسىز بىر ئۈلگىلىك شەخس قىلغان. تارىختا پۈتۈن ھاياتى ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە

قەدەر كۆزىتىلىپ تەتقىق قىلىنغان بىرلا پەيغەمبەر ۋە بىرلا ئىنسان ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئىسلام مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان يۈتۈن ئەسەرلەر، بىرلا كىتاب ۋە بىرلا ئىنساننى ئىزاھلاش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن غەيرەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

كائىناتنىڭ پەخرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، ئىنسانغا رەڭ ۋە گۈزەللىكتە ئەڭ پەرقلىق بولغان خىلمۇ-خىل گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بىر جەننەت باغچىسىنى ئەسلىتىدۇكى، گۈل ئىزدىگەنلەر گۈللەرنىڭ ئەڭ سەرخىلىنى مانا شۇ گۈلىستاندىن تاپالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئاسىيلىرىدىن سىرت، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدىكى يۈتكۈل نەرسىلەر، مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ.“ (ئەھمەد، 3، 310)

ئۇنى ئۇھۇد تېغى تونۇدى، خورما كۆتىكى تونىدى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىدا ھەسرەتلىك نالە قىلدى. ھەتتا ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن پاناھلىنىپ، ئۇنى دەرتلىرىگە ئورتاق قىلدى. لېكىن ئەبۇ جەھىل ۋە ئۇنىڭ ئىزىدا ماڭغانلار ئىلگىرىمۇ ئۇنى تونىيالمىدى ھېلىھەم تونىيالمايۋاتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هاياتى، سۈزۈك بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ، هەر ئىنسان ئۇ ئەينەك ئارقىلىق ئىچى ۋە سىرتىنى، سۆزى ۋە ئىش-هەرىكىتىنى، ئەدەپ-ئەخلاقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ تۇرالايدۇ. ئاللاهقا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆرسەتكەن يولىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ مۆئمىنلەرگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ، چوقۇم بىر كۈنى ئىلاهىي ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ئۆزگەرمەس بىر ئىلاهىي قانۇندۇر.

بەندىنى ئاللاهقا بولغان مۇهەببەت دەرياسىغا باشلاپ بارىدىغان يېگانە رەهمەت ۋە مەرهەمەت بۇلىقى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدۇر.

ئاشىقلىقنىڭ ئۇرۇقى پەقەت ئۇنىڭ مۇهەببەت تۇپرىقىدا ياشىرىدۇ. ئۇ قەلبتىكى خۇشاللىق ۋە بەرىكەتنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇنىڭ مۇهەببەت تۇپرىقى، تاشقا ئايلانغان نۇرغۇن قەلبلەرنى قىممەتلىك ئالماسلارغا ئايلاندۇرغان. دۇنيا زۇلمەت قاپلاپ كەتكەن بىر جاهىلىيەت قاراڭغۇلۇقىدا قالغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەبەدىي قۇتۇلۇش يولىغا دەۋەت قىلىپ يالغۇز هالەتتە غەيرەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئۇنۇتماستىن بۈگۈن ئۇ كۆرسەتكەن غەيرەتلەرنىڭ قانچىلىكىنى كۆرستەلىگەنلىكىمىزنى ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن نېسىۋىسىنى ئېلىپ، قەلبىنى ئىمانىنىڭ لەززىتى بىلەن، كۆڭلىنى قۇرئانىنىڭ مەنىۋىيىتى بىلەن، روھىنى خىزمەت خۇشاللىقى بىلەن، ۋىجدانىنى گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ھۇزۇرى بىلەن زىننەتلەپ، مەڭگۈلۈك بەختىنىڭ مەنىۋى لەززىتى ئىچىدە ياشىغان مۆئمىنلەر نېمىدېگەن بەختلىك!

ئى رەببىم! بىزنى جانلىق بىر قۇرئانغا ئوخشاش ئىسلامنى ئەمەلىي ھاياتىمىزدا ياشايدىغان پەيغەمبەر ئاشىقلىرىدىن قىلغىن! ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئەبەدىي سائادەت سەرمايىمىز قىلغىن! ئامىن!

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

............................................................................................................................

..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................

..............................................................................................................................